
# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

# INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# 中亚信息



2

1998

《中亚信息》（维文版）

# 目 次

1998年第2期（总第79期）

新疆维吾尔自治区
科学技术委员会
主 办
（双月刊）
编委会：
主任委员：
张曰知
副主任委员：
顾家骊
王本年
夏尔甫丁·夏木西
委员：
姑丽素木
海来提
米娜娃
主编：
姑丽素木
执行主编：
海来提
编辑与翻译：
米娜娃
牙尔买买提
穆娅莎
本期责任编辑：
穆娅莎
每双月25日出版

## 政策与法规

新疆与中亚五国经济科技合作对策 ……（3）
与资本流动有关的哈国外汇注册方法条例 ……（7）
克孜勒奥尔达州投资指南 ……（11）
俄政府1997年石油产品付费办法 ……（17）
俄罗斯关于石油产品贸易实行许可证制度的规定 ……（18）

## 综述

哈萨克斯坦石油天然气工业进行机构重组 ……（19）
俄罗斯化学工业概况 ……（25）
乌兹别克斯坦黄金业概况 ……（28）

## 投资与合作

乌兹别克斯坦与立陶宛合资生产家具 ……（29）
阿塞拜疆同美国签订新石油合同 ……（30）
乌、哈、吉首脑在塔什干会晤 ……（27）

## 经济经纬

新的总统令将在哈萨克斯坦经济中生效 ……（33）
中亚石油可能会经伊朗外运 ……（39）
全世界和中亚地区的黄金储量及生产 ……（47）

## 新成果

提高我国对高新技术产业的投入 ……（35）
哈国建立药品电脑信息中心 ……（41）
高尔基汽车厂开发新型轿车 ……（48）

## 边贸信息

边贸信息9条

## ★ئىقتىسادىي بايان★

يېڭى زوڭتوڭ بۇيرۇقى قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.......... (33)
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېفىت ئىران ئارقىلىق سىرتقا توشۇلۇشى مۇمكىن............ (39)
پۈتۈن دۇنيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئالتۇن زاپىسى ۋە مەھسۇلاتى............ (47)

## ★پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى★

دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىگە بولغان پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ
سىجىللىقىنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى......................... (35)
قازاقىستان دورا ماتېرىياللىرى كومپيۇتېر ئۇچۇر مەركىزى قۇردى.................. (41)
گوركى ئاپتوموبىل زاۋۇتى يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقاردى.............. (48)

## ★چېگرا سودا ئۇچۇرلىرى★

روسىيە يۇر نېفىت - تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.... (31)
قازاقىستان ئاشلىقتىن ياخشى هوسۇل ئالالمىغان بولسىمۇ ئاشلىقى كەم بولمىدى......... (43)
روسىيىلىكلەر ئاچچىق - چۈچۈك شاكىلاتنى ياخشى كۆرىدۇ.................. (45)
ئۆزبېكىستان ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى تەڭشىدى..................... (44)
قازاقىستان كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى يۆلىمەكتە...................... (34)
تېلېگراف شىركىتى ئابونتلارنىڭ بىر ئاي ئاۋال هەق تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى......... (49)
ئۆزبېكىستان هاراق تۈرىدىكى مەهسۇلاتلارنىڭ مەخسۇس تىجارەت گۇۋاهنامىسىنى يولغا
قويماقچى.................................. (46)
تۈركمەنىستان خەلقئارا پۇل - مۇئامىلە شىركىتىگە ئەزا بولدى.................. (27)
ئەزەربەيجاننىڭ نېفىت - تەبىئىي گاز ئېچىش مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى............. (38)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

1988 ـ يىلىدىن باشلاپ
نەشىر قىلىنىۋاتىدۇ

1998 ـ يىل 2 ـ سان
ئومۇمىي 79 ـ سان

**تەھرىر ھەيئىتى:**

**مۇدىر:**
جاك يۈجې

**مۇئاۋىن مۇدىرلار:**
كۇ جيايۇي
ۋاڭ بىننيەن
شەرىپىدىن شەمشى

**ھەيئەت ئەزالار:**
كۇلسۇم ئابدۇۋايىت
غەيرەت توختى
مۇنەۋۋەر قادىر

**مەسئۇل مۇھەررىر:**
كۇلسۇم ئابدۇۋايىت

**مەخسۇس مەسئۇل مۇھەررىر:**
غەيرەت توختى (04)

**مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار:**
مۇنەۋۋەر قادىر (01)
يارمۇھەممەت ئىبراھىم(02)
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم (03)

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
نەشىردىن چىقىدۇ

## ★ سىياسەت ۋە قانۇن ــ تۈزۈم ★

شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن ئىقتىسادىي، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى قارشى تەدبىرى............ (3)

قازاقىستاننىڭ كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پىربۇۋوتنى تىزىملاش چارىلىرى توغرىسىدىكى قائىدىلىرى.......... (7)

قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ مەبلەغ سېلىش قىبلىنامىسى.......... (11)

روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1997 ـ يىللىق نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن ھەق تۆلەش چارىسى.......... (17)

روسىيىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتلىرى سودىسىغا قارىتا ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى.......... (18)

## ★ ماتېرىيال ★

قازاقىستاننىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز سانائىتى ئاپپاراتلارنى قايتا تەشكىللىدى.......... (19)

روسىيە خىمىيە سانائىتىنىڭ ئەھۋالى.......... (25)

ئۆزبېكىستاننىڭ ئالتۇن قېزىش ئەھۋالى.......... (28)

## ★ مەبلەغ سېلىش ۋە ھەمكارلىق ★

ئۆزبېكىستان بىلەن لىتۋا شېرىكلىشىپ ئۆي جاھازلىرىنى ئىشلەپچىقاردى.......... (29)

ئەزەربەيجان ئامېرىكا بىلەن يېڭىدىن نېفىت توختىمى تۈزدى.......... (30)

ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزستاننىڭ باشلىقلىرى تاشكەنتتە ئۇچراشتى.......... (27)

# شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن ئىقتىسادىي پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى قارشى تەدبىرى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە رايون خاراكتېرلىك مۇھىم رولىنى نەزەردە تۇتۇپ، نۆۋەتتىكى پايدىنىلا كۆزلىمەستىن كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بازارلىرىنى ئېچىش، رايونىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۇزاق مەزگىللىك بىر ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە دەپ قارىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

1. ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئۇزاق مۇددەت راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىرىشىمىز كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، بازارلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى، ئېھتىياجىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تېخنىكا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرغاندا بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، قارىغۇلارچە، ھۆكۈمەتسىزلىك شەكلىدە ئېچىش ۋە ئىچكى قىسىمدا ئۆزئارا رىقابەتلىشىش، ئۆزئارا باھانى چۈشۈرۈش ۋە زىياندىن ساقلىنىش كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاساسەن ئىقتىسادىي سودا، ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەپ مەبلەغ سالىدىغان چوڭ تۈرلەرگە ئاساسلىق، غول مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە دەرىجىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش كېرەك.

2. شېرىكلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش، ئىلگىرىكى ھەمكارلىشىش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، مەيلى شېرىكلەشكەن، ھەمكارلاشقان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى قۇرۇش ياكى مال ئالماشتۇرۇش، نەق پېرېۋوت سودىسى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا بولسۇن چوقۇم بىرىنچىدىن ھەمكارلاشقۇچى شېرىكلەرنى ياخشى تاللاش كېرەك، چوقۇم ئابرويلۇق، ئەمەلىي كۈچكە ئىگە، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى شېرىكلەرنى تاللاش كېرەك. ئەڭ ياخشى چارە كىچىك كۆلەمدە، ئاز مىقداردا مەبلەغ سېلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش، ئىككىنچىدىن سودا ئارقىلىق ئەمەلىي گەۋدىگە ئۆتۈش شەرت. نۆۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى كەمچىل، خىللىرى ئاز، پاسونى يېڭى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ باھاسى يۇقىرى. بۇ دەل بىزنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن سەۋىيە-

دىكى تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىشىمىزدىكى ياخشى پۇرسەت، شۇبھىسىزكى بۇ بىزنىڭ تۇنجى قەدىمىمىز بولالايدۇ، سودىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشەنچلىك كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مەلۇم مىقداردا مەبلەغگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن تەدرىجىي ھالدا تۈرلۈك ئەمەلىي گەۋدىلەرنى قۇرۇشقا ئۆتۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، تۈرلەرنى توغرا تاللاپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، ئۇسكۇنىلەرنى يېڭىلاش، ئىلغار ھۈنەر-سەنئەتلەرنى كىرگۈزۈش، مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاش، مال بىلەن تەمىنلەيدىغان يېڭى خېرىدارلارنى ۋە سېتىش بازارلىرىنى تېپىش، چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچى شېرىكلەرنى ئىزلەش قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز ئۆز ئەۋزەللىكىمىزگە ئاساسەن، شۇ يەردىكى خام ئەشيا ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەرزان بولۇشى، تېخنىكىلارنىڭ پىششىق بولۇشىدەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، تۈرلەرنى ياخشى تاللاپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشىمىز كېرەك؛ تۆتىنچىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ ياۋروپاغا نەزەر سېلىش. نۆۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىر قىسىم ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون، پەن-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىسكىلات قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي سودا ۋە تېخنىكا ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىشتا مىقدار چەكلىمىسىگە قويماسلىقتەك ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىرقىسىم ئېكسپورت بويۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش كارخانىلىرىنى قۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنى ۋاستە قىلىپ، مىقدار چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن رايونىمىزنىڭ ئېكسپورت مىقدارىنى كۆپەيتىشىمىز كېرەك.

3. ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تەرەققىيات رايونى قۇرۇش، ئىككى تەرەپ چېگرىلىرىنىڭ كونكرېت شارائىتىغا ئاساسەن، بىر قىسىم ئوخشاش بولمىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇش كېرەك؛ باجىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان رايون ۋە ئىسكىلاتلارنى قۇرۇش، يېڭى چېگرا رايون بازارلىرىنى قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى ئىقتىسادىي سودا پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى سىرتقا يۈزلەنگەن كارخانىلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش، كەلگەن خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، چېگرا رايوندىكى دېھقان-چارۋىچىلارنى ئۆز ئارا بازار ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەش، ئۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەل ئاھالىلىرىنى ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىشقا پائال تەشكىللەش كېرەك. بۇ پائالىيەتلەر ئىككى رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، ئىككى رايون خەلقلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا دوستلۇق ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

4. قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش كەسپىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش. نۆۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى تېخى تاماملانمىدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى قىيىن ئەھۋالدا بولۇپ، چوڭ، يېڭى تۈرلەرنى ئېچىشقا ئۇنچىلىك كۆپ مەبلەغنىڭ بولۇشى ناتايىن، نېفىت قېزىشقا ئوخشاش

چولڭ تۈرلەرنى ئېچىش ئۈچۈنمۇ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىپ ھۆددىگە ئېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىمۇ تولۇق ئەمەس، زور تۈركۈمدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشقا شارائىت يوق. بىراق ئۆي-مۈلۈك كەسىپلىرىدە ھۆددىگە ئېلىش، ئىجارىگە ئېلىش، بېزەش-رېمونت قىلىش كەسىپلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا بولىدۇ. يەنە شېرىكلىشىپ ئۆي سېلىشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كۆچمە مەبلەغ، تېخنىكا، ئادەم كۈچى قاتارلىق شەكىللەردە مەبلەغ سېلىشقا بولىدۇ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن پايدىنى ئىككى تەرەپ ئالىدۇ.

5. رايونىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، بىرىنچىدىن ئىككى تەرەپنىڭ پەن-تېخنىكا ئۇچۇر ئاپپاراتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پەن-تېخنىكا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئورگىنى قۇرۇش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى، مەزمۇنى ۋە شەكلى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈش، پەن-تېخنىكا ژۇرناللىرىنى قەرەللىك ئالماشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپكە كېرەكلىك بولغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئورتاق قۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىككى تەرەپنىڭ پەن-تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۆز ئارا زىيارىتىنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن پەن-تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئورتاق قانات يايدۇرۇش، مەسىلەن كېۋەزنىڭ قۇرۇپ كېتىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تەتقىقات، يەر تەۋرەشنى ئالدىن مۆلچەرلەش قاتارلىقلار. تۆتىنچىدىن رايونىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۈچۈن پەن-تېخنىكا خادىملىرى تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن، چارۋىچىلىق، بۇغداي تېرىش، كېۋەزچىلىك ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق كەسىپلەردە تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىپ، رايونىمىزنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

6. يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكىلارنى پائال كىرگۈزۈپ، ئۇنى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن كېۋەزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، ھوسۇللۇق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك سورتلىرىنى تاللاش كېرەك. ئۆزبېكىستاننىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئاساسى كۈچلۈك، كېۋەزلىرىنىڭ سورتى كۆپ. تارىخىي تەجرىبىلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، ئىلگىرى رايونىمىز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېۋەزنىڭ ئەلا سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، سورت كىرگۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزبېكىستاندىن «بۇخارا-6»، «ئەنجان-60»، «نامەنگەن-77» قاتارلىق يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈپ رايونىمىزدا سىناق قىلىپ تېرىساق ۋە كېڭەيتسەك كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. ئىككىنچىدىن كېۋەز ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى تېخنىكىلىرىنى پائال كىرگۈزۈش كېرەك، يەنى كېۋەز بىلەن بىدىنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش، كېۋەزنىڭ قۇرۇپ كېتىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىنى ياساش تېخنىكىسى، چىگىتنى بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكىسى، كېۋەزچىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى قاتارلىقلار. ئۈچىنچىدىن سورت كىرگۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلاش، ھەمدە بۇ خىل خىزمەتنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئۇيۇشما، سىياسەت ۋە بەلگىلىمە، مۇۋاپىق سېلىنما بولۇشى

كېرەك.

7. ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇش. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرىغا بولغان تەكشۈرۈش تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇ دۆلەتلەردە سودا ۋەكىللىرى تەسىس قىلىشتىن سىرت، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بۇ رايوندىكى ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش، ئەھۋاللارنى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى ئىگىلەش، ئىشەنچلىك، ئىقتىدارلىق شېرىكلەرنى تاللاش، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رايونىمىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا، تېخنىكا ھەمكارلىقى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىشتىن ئىبارەت.

8. ئوتتۇرا ئاسىيا بازار ئۇچۇرلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش يولىنى تۇتاشتۇرۇش. نۆۋەتتىكى ئۇچۇر بازارلىرىنىڭ قالايمىقان بولۇشى، راست-يالغان ئۇچۇرلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى، ئۇچۇر يوللىرىنىڭ راۋان بولماسلىقىدەك ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر بازارلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇپ، ئۇچۇر بازارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى، ئۇچۇردىن پايدىلىنىش پىرىنسىپىنى بەلگىلەپ، ئۇچۇر بازارلىرىنى تەرتىپلىك ھەرىكەتلەندۈرۈش؛ مەخسۇس ئاپارات ۋە خادىملارنى تەشكىللەپ ئوتتۇرا ئاسىيا بازار ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ئانالىز-تەتقىق قىلىش، ساختىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، چىنلىرىنى ساقلاپ قېلىش، ھەققىي ئېلان قىلىش؛ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش؛ سۈپىتى ياخشى، سۈرئىتى تېز ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، تورلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش، مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رايونىمىزنىڭ بازار ئۇچۇرلىرى تەتقىقات ئاپاراتىنى خەلقئارادا ئۇچۇر تور سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش ۋە رايونىمىز ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا ئۇچۇر ئالاقىسىنى كۈچەيتىش.

9. خەلقئارا چوڭ بازار ئۇقۇمىنى تىكلەپ، رايونىمىز ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بازار رىقابىتى تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى رىقابىتىدۇر. ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ساختا تاۋارلارنىڭ بازارغا ئېقىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن ئېكسپورت تاۋارلىرىغا بولغان قاتتىق تەكشۈرۈش، بولۇپمۇ خۇسۇسىي ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تاۋارلىرىغا بولغان تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن تاۋار تەكشۈرۈش تارماقلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تاۋار تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تاۋار تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، رايونىمىز ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، كۈچلۈك رىقابەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

10. سودا ئېغىزى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سودا ئېغىزىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ تېخنىكا، سودا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوخشۇشلۇق راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاش كېرەك. سودا ئېغىزى تاشقى ئىقتىسادىي سودا ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىشنىڭ ئىشىكى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ

# قازاقىستاننىڭ كۆچمە مەبلەغگە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوتنى تىزىملاش چارىلىرى توغرىسىدىكى قائىدىلىرى

**1. ئومۇمىي پرىنسىپ**

1.1 مەزكۇر قائىدە 1996ـيىلى 12ـئاينىڭ
24ـكۈنى ئېلان قىلىنغان «تاشقى پېرېۋوتنى
تەكشۈرۈش قانۇنى»نىڭ 5ـ، 11ـماددىلىرى ۋە
1997ـيىلى 4ـئاينىڭ 10ـكۈنى ئېلان قىلىنغان
«تاشقى قەرز ۋە تاشقى قەرزنى باشقۇرۇش قانۇ-
نى»نىڭ 15ـماددىسى قاتارلىق جۇمھۇرىيەت قا-
نۇنلىرى ھەم يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى قانۇن
قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسىغا بەر-
گەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئاساسەن بېكىتىلگەن.
بۇ بانكا بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن، بەلگىلەن-
گەن تەرتىپ بويىچە غەيرى مۇھاجىرلارنىڭ
مەبلىغىنى مۇھاجىرلار مەبلىغىگە يۆتكەيدۇ، يەنى
كۆچمە مەبلەغگە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوت
ئىشلىرىغا قارىتا تەشكىللەش ۋە ھېسابات قىلىش-
نى ئېلىپ بارىدۇ.

1.2 مەزكۇر قائىدە تۆۋەندىكى بىرنەچچە
خىل غەيرى مۇھاجىرلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن
مەبلەغ يۆتكەش ۋە كۆچمە مەبلەغگە مۇناسىۋەت-
لىك تاشقى پېرېۋوتنى تىزىملاش چارىلىرىنى
بېكىتىدۇ:

ـ مۇددىتى 180 كۈندىن كۆپ بولغان
قەرز پۇل ئېلىش؛

ـ مۇددىتى 180 كۈندىن ئېشىپ كەتكەن
ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسى قەرزىگە قارىتا
ھېساباتنى ئېنىقلاش ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئېلىپ
بېرىش؛

ـ مەبلەغ سېلىش؛

**************************************

يۇقىرى سەۋىيەلىك تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە سودا
ئالاقىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ھالقىلارنىڭ بىرى.
نۆۋەتتە، خەلقئارادا ئەتكەسچىلىك ھەرىكىتىنىڭ
ئەۋج ئېلىشى، ساختا تاۋارلارنىڭ يامراپ كېتى-
شىدەك ئەھۋال ئاستىدا، سودا ئېغىزلىرىدا زاما-
نىۋى مۇئەسسەسە، ئىلغار تەكشۈرۈش ئۈسكۈنى-
لىرى بولمىغانلىقتىن خەلقئارادىكى قانۇنسىز ئۇن-
سۇرلار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قارشىلاشقۇچى
كۈچلەرگە پۇرسەت تۇغۇلۇپ، دۆلەتكە زورۇر
بولمىغان زىيانلارنى سېلىپ، رايونىمىزنىڭ تاش-
قى ئىقتىسادىي سودا ۋە پەن-تېخنىكا ھەمكارلى-
قى ئۈچۈن يامان تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى.
يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئوتتۇرا ئا-
سىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ بايلىقى مول، قات-
ناش-ترانسپورتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان،
ئېنېرگىيە مەنبەلىرى تولۇق بولۇپ، بىر چوڭ
يوشۇرۇن بازاردۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ
نۆۋەتتە بۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، ئىقتى-
سادىنىڭ ئىنتايىن قىيىن، باشقۇرۇشىنىڭ قالاي-
مىقان، سىياسىتىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىنى نە-
زەردە تۇتۇپ، ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقى
ئېلىپ بارغاندا چوقۇم ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرى-
شىمىز، خېيىم ـ خەتەر ئاز، ئۈنۈمى تېز بولغان
ھەمكارلىقلارنى پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرى-
شىمىز لازىم. (02)

- كۆچمەس مۈلۈك ۋە باشقا ھوقۇق-مەنپەئەتلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان پېرېۋوت قىلىنغان پۇل.

1.3 بەلگىلەنگەن غەيرى مۇھاجىرلارنىڭ مەبلىغىنى مۇھاجىرلار مەبلىغىگە يۆتكەشتىن ئىبارەت بۇ خىل كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ھېچقانداق چەكلىمە بولمايدۇ.

تىزىملاش قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئېقىپ كىرىشى ئالدىن مۆلچەرلەنگەن، ئومۇمىي سوممىسى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان ياكى تەڭ قىممەتتىكى باشقا دۆلەت پۇلىنىڭ كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرۋوتى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

1.4 مەزكۇر قائىدىگە ئاساسەن تىزىملاشتىن مەقسەت غەيرى مۇھاجىرلارنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى شۇغۇللىنىۋاتقان كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوت ئىشلىرى ئۇچۇرلىرىغا قارىتا ستاتىستىكا ۋە ھېسابات قىلىشقا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر.

1.5 كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوت ئىشلىرى مۇناسىۋەتلىك توختام، قەرز پۇل ئېلىش ياكى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى، پۈتۈم قاتارلىقلار كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قازاقىستان دۆلەت بانكىسىغا مۇناسىپ ئوبلاست ياكى يەرلىك باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا تىزىمغا ئېلىنسا بولىدۇ.

1.6 تىزىملاش تەرتىپى توختام ۋە بۇندىن كېيىن ھەرقايسى ئوبلاستلارنىڭ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان ئەمەلىي مەبلەغ كىرىمىگە دائىر پەسىللىك مەلۇماتنى تىزىملىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1.7 ھەرقايسى ئوبلاستلارنىڭ كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ تىزىملاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشتا، زۆرۈر بولغان ھۆججەتلەرنىڭ بارلىق تىزىملىكلىرىنى تاپشۇرغاندىن باشلاپ، 10 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تىزىملاش خىزمىتىنى تاماملىشى كېرەك . تىزىملاش تاماملانغاندىن كېيىن بىر پارچە بەلگىلەنگەن نۇسخىدىكى تىزىملاش ئىسپاتنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغىلى بولىدۇ.

1.8 مۇھاجىرلار توختام تۈزۈشكەن بىر تەرەپ، يەنى قاتناشقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوتنى تىزىملىتىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

## 2. مۇھاجىرلارنىڭ قەرز پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى تاشقى پېرېۋوتنى تىزىملىتىش چارىلىرى

2.1 غەيرى دۆلەت تاشقى قەرزلىرىگە ئىگە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مۇھاجىرلىرى دۆلەت ھۆددە قىلغان تاشقى قەرز توختىمىنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىدە تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك، دۆلەت ھۆددە قىلمىغان تاشقى قەرز توختىمىنى بولسا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسىدا تىزىمغا ئالدۇرۇش كېرەك.

2.2 قازاقىستان دۆلەت بانكىسىنىڭ ھەرقايسى ئوبلاستلاردىكى مۇناسىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا توختامنى تىزىمغا ئالدۇرغاندا، تۆۋەندىكى ھۆججەتلەر بولۇشى كېرەك:

- قەرز ئېلىش كېلىشىمىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى؛
- توختامنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى؛
- مەبلەغ كىرىمى ۋە قەرز تۆلەش ئەھۋالى؛
- ھاۋالە قىلىنغان مۇھاجىرلار بانكىسىدىن غەيرى بانكا قانۇن ئىگىلىرىگە چىقىرىپ بېرىلگەن قەرز پۇل ئىشلىتىش كېلىشىمىنىڭ ئىسپات-

نامىسى.

2.3 مۇھاجىر قەرز ئالغۇچىلار ھەرقايسى ئوبلاستلارنىڭ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا توختام كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقان مەزگىلدە توختامغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك.

2.4 مۇھاجىر قەرز ئالغۇچىلار بەلگىلەنگەن نۇسخا بويىچە ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 10-كۈنىدىن بۇرۇن ئوبلاستلىق باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئېلىنغان توختامنىڭ ئەمەلىي مەبلەغ كىرىم ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەلۇماتنى يوللىشى كېرەك.

2.5 مۇھاجىر قەرز ئالغۇچىلار دۆلەت بەلگىلىگەن مەلۇمات جەدۋىلى بويىچە ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 10-كۈنىدىن بۇرۇن ئوبلاستلىق باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئېلىنغان قەرز ئېلىش توختامىنىڭ ئەمەلىي مەبلەغ كىرىم ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەلۇماتنى يوللىشى كېرەك.

2.6 چەت ئەلدىن قەرز ئالغان ياكى چەت ئەلدىكى بانكىلارنىڭ ئىسچوتىنى ئىشلىتىدىغان قەرز ئالغۇچىلار ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن نۇسخا بويىچە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈش ۋە ستاتىستىكا قىلىش مەھكىمىسىگە بارلىق چەت ئەل قەرز پۇلىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەلۇماتنى يوللىشى كېرەك.

2.7 مۇددىتى 180 كۈندىن كۆپ بولغان ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسى قەرز پۇلىغا مۇناسىۋەتلىك توختامنى تىزىمغا ئالدۇرغاندا، مەزكۇر قائىدىنىڭ 2.1 - 2.6 نچى ماددىسىغا ئاساسەن ئىش بېجىرىش كېرەك. مۇھاجىرلار تىزىمغا ئالدۇرغاندا، ئىمپورت سودىگەرلىرى قازاقىستان دۆلەت بانكىسىنىڭ ھەرقايسى ئوبلاستلاردىكى مۇناسىپ ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ھۆججىتىنى كۆرسىتىشى كېرەك.

## 3. كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك باشقا تاشقى پېرېۋوتنى تىزىمغا ئېلىش چارىلىرى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان تاشقى مەبلەغنى بىۋاسىتە سېلىش ۋە تاشقى مەبلەغ ئاكسىيىسىنى مەبلەغ قىلىپ سېلىشنىڭ ھەممىسى كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك باشقا تاشقى پېرېۋوت تۈرلىرىگە كىرىدۇ.

بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش دېگىنىمىز 10% تىن يۇقىرى قانۇنىي مەبلەغكە ئىگە قۇنۇنىي ئىگىلەر بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق نازارەت قىلىدىغان پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان مەبلەغ سېلىش بولۇپ، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان قەرز ئېلىنغان مەبلەغنى ۋە بىۋاسىتە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قەرز ئالغان پۇلىنى پاي ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلدە مەبلەغ سېلىش ياكى تەكرار مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت.

ئاكسىيىنى مەبلەغ سېلىش دېگىنىمىز مەبلەغنى قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت مەبلەغ سالغاندا پايدىغا ئېرىشىش.

3.1-قازاقىستان دۆلەت بانكىسىنىڭ ھەرقايسى ئوبلاستلاردىكى ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشنى تىزىمغا ئالدۇرغاندا، تۆۋەندىكى ھۆججەتلەر بولۇشى كېرەك:

- مەبلەغ پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوتنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى؛

- مۇھاجىر قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ دۆلەتكە تىزىمغا ئالدۇرغان ئىسپاتنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى؛

- تەبىئىي شەخسلەر تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك يۇلارنىڭ سالاھىتىنى ئىسپاتلايدىغان كېنىشكە (پاسپورت ياكى ئۇنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى)؛
- توختامنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى.

3.2 بىۋاستە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قەرز پۇلى مەزكۇر قائىدىنىڭ 2.2 ـ 2.6 نچى ماددىلىرىغا ئاساسەن تىزىمغا ئالدۇرۇلىدۇ.

3.3 قازاقستان دۆلەت بانكىسىنىڭ ھەرقايسى ئوبلاستلاردىكى مۇناسىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا قىممەتكە ئىگە ئاكسىيەلەرنى مەبلەغ قىلىپ سېلىشنى تىزىمغا ئالغاندا، تۆۋەندىكى ھۆججەتلەر بولۇشى كېرەك:

- كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوتنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى؛
- مۇھاجىر قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ دۆلەتكە تىزىمغا ئالدۇرغان ئىسپاتنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى؛
- تەبىئىي شەخسلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان كېنىشكە (پاسپورت ياكى ئۇنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى)؛
- توختامنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى.

3.4 بىۋاستە مەبلەغ سېلىش، ئاكسىيىنى مەبلەغ قىلىپ سېلىش، كۆچمەس مۈلۈك ۋە باشقا كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق پېرېۋوت كەسپلىرى ھەرقېتىم توختامنىڭ شەرتلىرى ئۆزگەرگەندە، شۇنداقلا توختامنىڭ (كېلىشىمنىڭ) كۈچكە ئىگە مۇددىتىدە ئۆزگىرىش بولغاندا تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك.

3.5 دۆلەت بانكىسى تىزىمغا ئالغان تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق قازاقستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئاكسىيىسىنى سېتىۋالىدىغان كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوت كەسپى بىرىنچى دەرىجىلىك ئاكسىيە بازارلىرىدا يولغا قويۇلغان تاشقى پېرېۋوت ئاكسىيە سودىسىغا مەنسۇپ.

3.6 قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئاكسىيە سودىسىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى تىزىملاشقا مەسئۇل ئورگان (پۈتۈن ھوقۇقلۇق ھاۋالە قىلىنغۇچى) ھەر ئايدا قازاقستان دۆلەت بانكىسىنى قازاقستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئاكسىيىسىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك بازارلىرىدىكى قازاقستان ئاكسىيىسى شەكلىدە مەبلەغ يۆتكەشكە دائىر تاشقى پېرېۋوت ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

3.7 مۇھاجىرلار تىزىملاش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن بۇرۇن، ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى بەلگىلەنگەن نۇسخا بويىچە ئوبلاستلىق باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى ئەمەلىي پۇل تۆلەش ئەھۋالىغا دائىر ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

3.8 كۆچمەس مۈلۈك ۋە باشقا كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ پېرېۋوتنىڭ تىزىمغا ئېلىنىشى مەزكۇر قائىدىنىڭ 3.1 نچى ماددىسىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 4. ئاخىرقى ماددا

4.1 كۆچمە مەبلەغكە مۇناسىۋەتلىك تاشقى پېرېۋوتنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا قاتناشقۇچىلار بىلەن قىلچە قەرز مۇناسىۋىتى بولمىغان دۆلەت بانكىلىرىدا تىزىمغا ئالدۇرۇلۇشى كېرەك.

4.2 مەزكۇر قائىدىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ھاۋالە قىلغۇچىلار قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى بويىچە جازالىنىدۇ. (03)

# قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ مەبلەغ سېلىش قىبلىنامىسى

## بىرىنچى، قىزىل ئوردا ئوبلاستىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

قىزىل ئوردا ئوبلاستى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇرۇلغان. يەر مەيدانى 228 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 664 مىڭ 900 (1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى مەلۇمات)، ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىزىل ئوردا شەھىرى. بۇ ئوبلاستتىكى قازاق، رۇس ۋە چاۋشەن قاتارلىق مىللەتلەر جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق ئاھالە سانىنىڭ %3.96 نى ئىگىلەيدۇ، كۆپ ساندىكى ئاھالە سىر ۋە ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىككە مەركەزلەشكەن، چۆل ـ باياۋانلىقلاردا ئاساسەن ئاز ساندىكى چارۋىچىلار ياشايدۇ، شەھەر ئاھالىسى %65 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن: قىزىل ئوردا، ئارالسكى ۋە كازالىنسكى قاتارلىقلار بار.

بۇ ئوبلاستتىكى خېلى كۆپ رايونلار تۈزلەڭلىكى، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمى، شىمالىي قىسمى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئاراللارغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايلار جۇمھۇرىيەتتىكى ئەڭ قۇرغاق ۋە ئەڭ ئىسسىق رايونلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ تۇپرىقى ئاساسەن قوڭۇر تۇپا ۋە قۇمسال تۇپا؛ ئاساسلىقى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، تۈزچىلىق، شال ۋە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش كەسپى، قاراكۆل قويى ھەم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي باقمىچىلىقى قاتارلىقلار بار. غەيرى مېتال كان مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن شېغىل، كۋارتس قۇم، گەج ۋە سېغىز تۇپا قاتارلىقلار؛ قۇرۇلۇش سانائىتىدىن ساپال بويۇملار ـ بېتون بىرلەشمە كارخانىسى بار. يېمەكلىك سانائىتى بۇ ئوبلاستتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇلاردىن باشقا يەنە بېلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قەغەز بوتقىسى ۋە قەغەز تاختىسى بىرلەشمە زاۋۇتى، يېنىك سانائەت (ئاياغ تىكىش، تىكمىچىلىك، ئۆي جاھازلىرى، ئىلمە ـ توقۇلما قاتارلىقلار)، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، پاراخوت، تۆمۈر يول زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلىش) قاتارلىق كارخانىلار بار. بۇ ئوبلاستتا شال كۆپ بولۇپ، شال تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى جۇمھۇرىيەتتىكى شال تېرىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %60 نى ئىگىلەيدۇ، بۇلاردىن باشقا يەنە «تورلىما» قوغۇنى ۋە قارا كۆل قويى قاتارلىقلارمۇ بار.

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا 300 دىن كۆپ ئادەتتىكى مەكتەپ، كۇتۇپخانا، كىنوخانا، مۇزېيخانا، تىياتىرخانا ۋە مۇزىكا زالى بار، ئوبلاست گېزىتى ۋە يەرلىك گېزىت نەشر قىلىنىدۇ، ئوبلاستىنىڭ ئۆز ئالدىغا رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يوق.

## ئىككىنچى، قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ خام ماتېرىيال ۋە سانائەتتىكى كېرەكسىز ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرى

ساركىن كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قېزىش پائالىيىتى كۆلىمى تۆت گېكتار كېلىدىغان كېرەكسىز تاش مەيدانىنى پەيدا قىلدى، ھازىر كېرەكسىز تاش 250 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ.

بۇ ئوبلاستتا ھەريىلى شال پاخلىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 381 مىڭ 510 تونىنغا، شال پوستىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 31 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ.

مەركىزىي تېرمۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كېرەكسىز كۈل ماددىسى 96ـيىلى 5ـئاينىڭ 1ـكۈنىگىچە 2 مىليون 660 مىڭ تونىنغا يەتتى.

ھازىرقى مىنېرال ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قىزىل ئوردا ئوبلاستى ئاھالىلارغا كېرەكلىك بولىدىغان ھەرخىل بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش تورىنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاپ چىقتى ۋە ھازىرقى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەرـسەنئىتى بار بولغان مىنېرال خام ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش يېڭى تورلىرىنى تەشكىللىدى.

**1. ھاك تاش ئىشلەپچىقىرىش**

شېلىيسكىي ۋە جاناكورگاننىڭ ھاك تاش كان رايونىدىكى ھاك تاش ماتېرىياللىرى دۆلەتنىڭ 77ـ9179ـنومۇرلۇق تەلپىگە، قېزىلغان ھاك تاشلار بىرىنچى دەرىجىلىك ھاك تاشقا ماس كېلىدۇ.

قىزىل ئوردا شەھىرىدە سىلىكات خىش زاۋۇتى بولۇپ، بۇ زاۋۇتنىڭ ھەريىلى ھاك تاشقا بولغان ئېھتىياجى 20 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئوبلاست ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر يىلى 3 مىڭ تونىنا ھاك تاشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە دائىرىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ھاك تاشقا بولغان ئېھتىياجمۇ ئېشىپ بارماقتا.

قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ ھاك تاشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شېلىيسكىي رايونىدا ھاك تاشنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان تاش قېزىش مەيدانىنى قۇرۇش ۋە ھاك تاش ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار ھۈنەرـسەنئەتكە ئىگە سېخلارنى قۇرۇش كېرەك.

**2 . ئەينەك ۋە ئەينەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش**

ئارال كان رايونىدىكى كۋارتس قۇمىنىڭ زاپاس مىقدارى 10 مىليون تونىنغا يېتىدۇ. خىمىيىلىك مىنېرال تەركىب ۋە دانىنىڭ چوڭـكىچىكلىك تەركىبىگە ئاساسلانغاندا، ئارال كان رايونىدىكى قۇم ئەينەكلىك بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدۇ.

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا ھازىر بار بولغان بارلىق خام ماتېرىيال، يېقىلغۇ ماتېرىيالى ۋە ئېنېرگىيە ماتېرىيالى قاتارلىقلار يىللىق ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 9 مىليون كۋادرات مېتىرغا يېتىدىغان زاۋۇت ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىدى. ئەگەر بۇ زاۋۇت ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى ئىشلىتىدىغان بولسا رىقابەت كۈچىگە باي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

مۇشۇ ئاساستا ترانسپورت، قۇرۇلۇش ۋە ئائىلە سايمانلىرىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ يىللىق قىممىتى 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

سىرتقى بازارلىرىغا كاپالەتلىك قىلغىلى

بولىدۇ، چۈنكى قازاقىستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىغا قارىغاندا، قازاقىستاننىڭ ھەر يىلى ئوخشاش بولمىغان ئەينەك ۋە ئەينەك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى ئايرىم-ئايرىم ھالدا دېرىزىگە ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك 22 مىليون كۋادرات مېتىر؛ ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك 5 مىليون كۋادرات مېتىر؛ ئالىي دەرىجىلىك قازان-قومۇچ 70 مىليون دانە؛ ئوراش-قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك 200 مىليون پارچە؛ سىلىكات 30 مىڭ توننا بولىدىكەن.

قىزىل ئوردا ئوبلاستى بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى چەت ئەللەردىن سېتىۋالىدۇ.

**3. ئىككى خىل كالتسىي سۇپېر فوسفات، ئويغۇچى ناترىي ۋە فوسفور نىترات قاتارلىق مىنېرال ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش**

ئىككى خىل سۇپېر فوسفاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن چوقۇم چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچى سودىگەرلەرنى جەلپ قىلىش كېرەك.

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا تەبىئىي كان بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، فوسفورىت خام ماتېرىيالىنىڭ زاپاس مىقدارى 10 مىليون تونىغا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارالسكى رايونىدا كالتسىي سۇلفات، شور ۋە ماگنىي سۇلفات كانلىرىمۇ كۆپ، بۇ كانلاردا ساقلىنىۋاتقان بايلىقلار ناترىي فوسفات، ئويغۇچى ناترىي ۋە ئاممىياكلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشتا ياخشى ماتېرىيال بولالايدۇ.

**4. ئەلا سۈپەتلىك ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىش**

ئاش تۇزى ئادەتتە كالىيلىق مىنېراللاردىن ئېلىنىدۇ، قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا كالىيلىق مىنېرالنىڭ زاپاس مىقدارى 17.5 مىليون توننىغا يېتىدۇ.

خام ماتېرىيالدىكى ئاساسىي تەركىبىنىڭ مىقدارى 91% — 93% ئەتراپىدا بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەلا سۈپەتلىك ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىشتا چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش كېرەك.

**5. مەركىزىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن چىققان قالدۇق ماتېرىياللاردىن كۆپ تۆشۈكلۈك كۆيدۈرۈلگەن شىغىل ئىشلەپچىقىرىش**

مەركىزىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن چىققان كېرەكسىز ھاك تاشنىڭ مىقدارى 2 مىليون 600 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

قازاقىستان سانائەت ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلار پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ كېرەكسىز ھاك تاشتىن كۆپ تۆشۈكلۈك كۆيدۈرۈلگەن ماتېرىيال ئىشلەپچىقاردى. تېز سۈرئەتتە كۆيدۈرۈپ پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسكۇنىسىدە 6-نومۇرلۇق تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كېرەكسىز قالدۇق ماتېرىياللىرىدىن كۆپ تۆشۈكلۈك كۆيدۈرۈلگەن شىغىل ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ھۈنەر- سەنئەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارغاندا سېلىنغان مەبلەغنى بىر يىلدا قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

**6. قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تاش ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىش**

ساركىن كان رايونى ۋە شىيېل كان رايونى تاشلىق كان رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1996-يىلىدىن 1997-يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىتتا قىزىل ئوردا ئوبلاستى پەقەت يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈنلا 42 مىڭ كۇب مېتىر، قۇرۇلۇش سانائىتى ئۈچۈن 100 مىڭ كۇب مېتىر شىغىلغا ئېھتىياجلىق بولدى. يۇقىرىدىكى

كانلاردىن ئېلىنىۋاتقان مەھسۇلات مەزكۇر رايوننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

تاش مەھسۇلاتىنى چىمكەنت، جامبۇل، ئالمۇتا ۋە تالدى قورغان شەھەرلىرىدىكى شېغىل زاۋۇتلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ، ئۇلار ھەر بىر كۇب مېتىر شېغىلنى 400ـ500 تەڭگىگە ساتىدۇ.

ھازىر ساركىن كان رايونىدىكى خام ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 80 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدىغان شېغىل مەيدانى قۇرۇلۇش زۆرۈر بولىۋاتىدۇ.

**7. قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان خىش ئىشلەپچىقىرىش**

ھازىر نۇرغۇنلىغان شەھەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن 75ـ100 سورتلۇق ساپال خىش ۋە قۇملۇق پىيشقاق خىش ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ. چۈنكى ساپال خىش سىلىكاتلىق خىش ۋە سىمونت مەھسۇلاتلىرىغا قارىغاندا كۆچلۈك ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، ساپال خىشقا بولغان ئېھتىياج كۈنسايىن ئاشماقتا. ساپال خىشنىڭ بىرىنچى، سىمونت ۋە سىلىكاتلىق خىشقا قارىغاندا ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى كۈچلۈك بولۇش، ئىككىنچى، سۇغا چىداملىقلىقى ۋە ئىشلىتىشكە چىداملىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا ساپال خىش يەنە تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا ساپ تەبىئىي پىيشقاق ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن.

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا پىششىقلاپ ئىشلىتىش ۋە كرىستاللاشنى كۈچەيتىش خام ماتېرىيالى بار. شۇڭا ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ساپال خىش ئىشلەپچىقارسا بولىدۇ.

**8. كۆپ تۆشۈكلۈك ئېرىتىلگەن سېغىز توپا ئىشلەپچىقىرىش**

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا ئاكۇم كان رايونى بار، بۇ كاندىكى خام ماتېرىيالنىڭ زاپاس مىقدارى 4 مىليون 308 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ يەردىكى سېغىز توپىدىن A دەرىجىلىك 300ـ500 سورتلۇق ئېرىتىپ ئۇلانغان كاۋاكچە شېغىل ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ ئېرىتىپ ئۇلانغان كاۋاكچە سېغىز توپىغا بولغان ئېھتىياجى 12 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئاساسەن جەنۇبىي قازاقىستاندىكى كاۋاكچە سېغىز توپا زاۋۇتى تەمىنلەيدۇ. قىزىل ئوردا شەھىرىنىڭ كاۋاكچە سېغىز توپا زاۋۇتى ئاساسەن تۈركمەنىستاننىڭ خام ماتېرىيالىنى ئىشلىتىدۇ. ھازىر، ئاساسلىق خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش توختاپ قالغانلىقتىن، زاۋۇتمۇ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى. ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ زاۋۇتنى چوقۇم ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە يېقىلغۇ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىدىغان شۇنداقلا يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىش كېرەك.

كاۋاكچە سېغىز توپا ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش ئۈچۈن، قازاقىستان سانائەت ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلار پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن قېزىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. ئۇلار ئىجاد قىلغان بۇ خىل يېڭى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئىشلەتكەندە ئايلانما پېچنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 20ـ25 پىرسەنت يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى 25ـ30 پىرسەنت تۆۋەنلەتكىلى، پېچ ئىچىنىڭ ئىشلەش ۋاقتىنى 1ـ1.5 ھەسسە ئاشۇرغىلى ۋە چاڭ ـ توزانلارنى ئۈنۈملۈك چىقارغىلى بولىدۇ.

**9. سىنتونىت پىششىقلاپ ئىشلەش**

سېپىل ۋە قۇمقار قاتارلىق كان رايونلىرىدا سىنتونىت كان قاتلىمى بايقالدى. سىنتونىت كاۋاكچە خىش ۋە كاۋاكچە سېغىز توپا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سىنتونىت نېفىت بۇرغىلاشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**10. تالىك تارشىسمان جىنسنى پىششىقلاپ ئىشلەش**

دەسلەپكى مۆلچەرگە قارىغاندا، تالىك تارشىسمان جىنسنىڭ زاپاس مىقدارى تەخمىنەن 3 مىليوندىن 3 مىليون 500 مىڭ توننىغىچە كېلىدىكەن.

تالىك پاراشوكى بالون ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىدە ۋە ئوتقا چىدامىلىق بويۇملار ھەم نەپىس ساپال بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**11. شال قاسىرىقى ۋە سامانىدى ياغاچ قىرىندىسى سىمونتنى ئىشلەپچىقىرىش**

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا ھەر يىلى شال قاسىرىقى 31 مىڭ توننا، سامان 381 مىڭ 510 توننا يىغىلىدۇ. بۇلار ياغاچ قىرىندىسى سىمونتنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

ياغاچ قىرىندىسى سىمونتنى ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە قۇرۇلۇشى ئالاھىدە بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى ياغاچ قىرىندىسى سىمونتى شال قاسىرىقى ۋە بۇغداي غولىنى ئاساسىي تەركىب قىلىپ ئۇنىڭغا ئادەتتىكى سىمونتنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى، قىزىل ئوردا شەھىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

قىزىل ئوردا شەھىرى: 818-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1853-يىلدىن ئاۋال ئاقمېچىت، 1925-يىلىدىن ئاۋال پېروفسكىي، 1925-يىلىدىن كېيىن قىزىل ئوردا دەپ ئاتالغان. 1925-1929-يىلىغىچە قىزىل ئوردا شەھىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغان، ھازىر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ مەركىزى.

قىزىل ئوردا شەھىرى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەركۆلىمى 61 مىڭ 349 گېكتار، ئاھالىسى 160 مىڭ 800 كىشى، ئاساسەن قازاق، رۇس، چاۋشەن ۋە باشقا مىللەتلەر بار.

قىزىل ئوردا شەھىرى قازاقىستاندىكى ئەڭ مۇھىم تاش يول، تۆمۈر يول ۋە ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت تۈگۈنى، خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە غەربىي قازاقىستان تۆمۈر يولى، ئاقتۇبىي — قىزىل ئوردا — تالاس تاش يول لىنىيىسى بۇ شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، قىزىل ئوردا ئايرودرومى قازاقىستاندىكى باشقا شەھەرلەرنىڭ ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان.

قىزىل ئوردا شەھىرىگە نېفىت قېزىش، قەغەز ياساش، ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش، يېنىك سانائەت، يېمەكلىك سانائىتى، قۇرۇلۇش سانائىتى، قاتناش، پوچتا-تېلېگراف، شەھەر ئاممىۋىي ئىشلىرى قاتارلىق كارخانىلار ۋە ئىجتىمائىي ئورگانلار مەركەزلەشكەن.

چوڭ تىپتىكى سانائەت كارخانىسىدىن: «جەنۇبىي قازاقىستان نېفىت تەبىئىي گاز» بىرلەشمە كارخانىسى، «قۇمكېر ـ لۇكېير» ھەسسىدارلىق شىركىتى (نېفىت قازىدىغان شىر-

كەت)، «د ك ز» ھەسسدارلىق شىركىتى (قەغەز بوتقىسى ۋە قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا)، «ف ن م» ھەسسدارلىق شىركىتى (رەخت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا)، «ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى» ھەسسدارلىق شىركىتى (ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا)، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش» ھەسسدارلىق شىركىتى، «ك ز ر م ز » ھەسسدارلىق شىركىتى (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى)، «مەركىزىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كونترول قىلىش سىستېمىسى» ھەسسدارلىق شىركىتى (ئېلېكتر ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى) ۋە «سىر-شارابى» ھەسسدارلىق شىركىتى ( ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى) قاتارلىقلار بار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قىزىل ئوردا شەھىرىدە يەنە «قىزىل ئوردا قۇرۇلۇش» ھەسسدارلىق شىركىتى، «ئارنا »ھەسسدارلىق شىركىتى، «قىزىل ئوردا يول قۇرۇلۇشى ۋە يول ئاسراش» ھەسسدارلىق شىركىتى، «قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەسسدارلىق شىركىتى ۋە «ئېنبېك» ھەسسدارلىق شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرمۇ بار.

قىزىل ئوردا شەھىرىدە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە ئورگانلىرى بار.

قىزىل ئوردا شەھىرىدىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون: 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 8-كۈنى قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، قىزىل ئوردا شەھىرىنى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون دەپ بەلگىلىدى.

قىزىل ئوردا شەھىرىنىڭ باج، مالىيە ۋە تاموژنا ساھەلىرىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى بۇ شەھەرنىڭ تىجارەت، سودىسىغا ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى جەلپ قىلىشىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ ئالاھىدە رايوننىڭ باج يىغىشتىكى ئېتىبار بېرىش تۈزۈمى ۋە ئىمپورت ھەم ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خام ماتېرىيال ۋە ئۈسكۈنىلەردىن باج ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش سىياسىتى مەزكۇر ئالاھىدە رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان بارلىق تىجارەت ئورۇنلىرىغا ماس كېلىدۇ.

قىزىل ئوردا شەھىرى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئېتىبار بېرىش شەرتلىرىنى بەلگىلىدى: دۆلەت مال-مۈلكىنى ھەدىيە قىلىشتا تاپاۋەت بېجىنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، كېلىشىم تۈزگەن ۋاقىتتىن باشلاپ بەش يىل ئىچىدە پەقەت يەر بېجى ۋە مال-مۈلۈك بېجىنى ئېلىش، ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنە، خام ماتېرىيال ۋە ماتېرىياللاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنىڭ بىر قىسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلار.

قىزىل ئوردا شەھىرى ئەركىن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىدا باھاسى چۈشكەن ئەمگەك كۈچلىرى (ئەمگەك كۈچلىرى كۆپ رايونلاردا) ؛ تەرەققىي قىلغان قۇرۇلۇش ئاساسىي ئەسلىھەلىرىگە ئىگە ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرى، دۆلەت ئىچى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارغا باج، تاموژنا بېجى ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش تۈزۈملىرى بار. قىزىل ئوردا شەھىرى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قىزىل ئوردىغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

رىزۋان قادىر (ت)

# روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1997ـيىللىق نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن ھەق تۆلەش چارىسى

بىرىنچى، مەزكۇر چارە روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1996ـيىلى 8ـئاينىڭ 13ـكۈنىدىكى 960ـنومۇرلۇق «روسىيە فېدېراتسىيىسى ئېنېرگىيە كومىتېتىنىڭ رولى توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن تەتقىق قىلىپ بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، مەزكۇر چارە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تارقاتقۇچى ۋە توشۇغۇچىلارنىڭ نېفىت مەھسۇلاتلىرى ترانسپورتى مۇلازىمىتىنىڭ ھېسابات جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئەتراپلىق بەلگىلىگەن بولۇپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى روسىيىنىڭ دۆلەت ئىچى بازارلىرىدا ۋە دۆلەت سىرتىدا نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تۇرۇبا يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، روسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەلىكىدىكى ۋە سىرتقا ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ توشۇش لىنىيىسى مال تارقاتقۇچىلار بىلەن توشۇشنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار تۈزگەن توشۇش توختامىدىكى مەزمۇنلار بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ترانسپورت تەشكىلاتى مۇۋاپىق پىرىنسىپلارغا ئاساسەن، توشۇش جەريانىدا روسىيە يېقىلغۇ ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان، روسىيە گوۋۇيۈەنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن سۈرئەت كۆرسەتكۈچى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تۇرۇبا بىلەن ئاقتۇرۇش غول لىنىيىسى، نېفىتنى تۇرۇبا بىلەن ئاقتۇرۇش تورى ۋە ئاخىرقى پورتتىن تەركىب تاپقان نېفىت توشۇش سىستېمىسى ئارقىلىق نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئاقتۇرۇشقا ئوڭايلىق ياراتقىلى بولىدۇ (تەپسىلاتى روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ 1994ـيىلى 12ـئاينىڭ 31ـكۈنىدىكى 1446ـنومۇرلۇق قارارىنىڭ 3ـماددىسىدىكى نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئاقتۇرۇش تورى ھەم ئۇنىڭ ئاخىرقى پورت سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئاقتۇرۇشقا دائىر ئاساسىي شەرتلەرگە قارالسۇن).

بەشىنچى، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ترانسپورت تەشكىلاتىنىڭ مۇلازىمەت ھەققىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى روسىيە فېدېراتسىيىسى ئېنېرگىيە مەنبەسى تەستىقلىغان توشۇش باھاسى جەدۋىلىگە ئاساسەن ئىجرا قىلىنىدۇ، ھەمدە مۇشۇ ئاساستا دۆلەت تىزىملاپ يولغا قويىدۇ.

1.روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ دۆلەت ئىچى بازارلىرىنى نېفىت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، نېفىت شىركىتىدىن باشقا سودا خاراكتېرلىك ۋە غەيرى دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدىكى تارماقلارنىڭ مال تارقاتقۇچىلىرى ئاۋانس ھەق ئاساسىدا توشۇش ھەققىنى تاپشۇرسا بولىدۇ.

1.1 ھەر قايسى نېفىت شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مال تارقاتقۇچى ئورۇنلار ئالدىن تۈزۈلگەن نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش توختامىدا ھەق تاپشۇرۇش پىلانى ۋە سوممىسىنى بەلگىلىسە بولىدۇ.

(ئاخىرى 24 ـ بەتتە)

# روسىيىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتلىرى سودىسىغا قارىتا ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى

كارخانىلار بىكەتتە مال تاپشۇرۇش باھاسى بويىچە روسىيىنىڭ باشقا قانۇنى ئىگىلىرىگە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ۋاستىلىق ساتقاندا، ئىجازەتنامە بولۇشى زۆرۈرمۇ؟

روسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ 1994-يىلى 12-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى 1418-نومۇرلۇق «بىرقىسىم پائالىيەتلەرگە قارىتا ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارى» (1997-يىلى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن)گە ئاساسەن، پەقەت خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارلا ئىجازەتنامە بېجىرىشى كېرەك.

روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى 394-نومۇرلۇق قارارىدا تەستىقلانغان «خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش ئىجازەتنامە تۈزۈمىنىڭ قائىدىسى»نىڭ 4-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئىجازەتنامىگە ئېرىشىشى خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى قوبۇل قىلىش ھەم ئىستېمالچىلارنى تەمىنلەشتىن ئىبارەت تېخنىكىلىق جەريانغا باغلىق.

«تېخنىكىلىق جەريان» دېگەن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىجازەتنامىگە كېرەكلىك بولغان ھۆججەت تىزىملىكىنى تەھلىل قىلىپ تۇرغۇزۇش ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. باشقا ھۆججەتلەردىن سىرت، ئىلتىماس قىلغۇچىلار يەنە روسىيە فېدېراتسىيىسى يېقىلغۇ ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكىگە خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇشتا كېرەكلىك بولغان نېفىت باكلىرى ۋە باشقا تېخنىكىلىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيالنى، بۇ نېفىت باكلىرى ۋە باشقا تېخنىكىلىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئوتتىن ساقلىنىش ھەم مۇھىت ئاسراش بەلگىلىمىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىسپات ھۆججەتلىرىنى، شۇنداقلا بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچى خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى سۇنۇشى كېرەك (394-نومۇرلۇق قارار تەستىقلىغان «خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش ئىجازەتنامە تۈزۈمىنىڭ قائىدىسى»نىڭ 5-ماددىسىدا كۆرسىتىلگەندەك).

ئەگەر كارخانىلار نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ۋاستىلىق سېتىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ قولىدىن بىۋاسىتە ئەڭ ئاخىرقى سېتىۋالغۇچىغا يەتكۈزۈپ بەرسە، خام نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئامبارلىرىدا ساقلىمىسا، ئۇھالدا ئىجازەتنامە ئېلىشىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. (03)

# قازاقستاننىڭ نېفىت-تەبىئىي گاز سانائىتى ئاپپاراتلارنى قايتا تەشكىللىدى

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نېفىت-تەبىئىي گاز سانائىتىدە ئاپپاراتلارنى قايتا تەشكىللەش بولدى. بۇنىڭ تاشقى جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى: گېئولوگىيە مىنىستىرلىكى بىلەن نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىكى بولدى، ھەمدە ئەسلىدىكى نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى رەھبەرلىكىدىكى «قازاقستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى قۇرۇلدى. يېڭى قۇرۇلغان شىركەت زور مەبلەغكە ئېرىشتى ھەمدە چوڭ تىپتىكى نېفىت-تەبىئىي گاز تۈرلىرىدە دۆلەت مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھوقۇققا ئېرىشتى. يېقىن شەرق، ھىندونېزىيە، مېكسىكا ۋە جۇڭگونىڭ نېفىت شىركەتلىرىنىڭ غەلىبىلىك تەجرىبىلىرى قازاقستاننىڭ «قازاقستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى قۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل.

1997-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئالمۇتادىكى ھەر قايسى گېزىتلەردە قازاقستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋنىڭ مىنىستىرلەر كابىنېتىنى قايتا تەشكىل قىلىش ۋە بىر قىسىم مىنىستىر، كومىتېتلارنى بىكار قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان مىنىستىر، كومىتېتلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە گېئولوگىيە ۋە نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىپىسى ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

شۇ كۈنلۈك گېزىتتە يەنە زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋنىڭ «قازاقستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. بۇيرۇق تۆۋەندىكىچە:

ئون كۈن ئىچىدە «قازاقستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى قۇرۇلىدۇ. قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاكتىپلاشقان ماددىلارنى چارلاپ تەكشۈرۈش، قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىدىكى مەھسۇلاتلارنى تەقسىملەش كېلىشىمى، قېزىش ھوقۇقى كېلىشىمى ۋە باشقا كېلىشىملەردە ئىگىلىگەن نورمىسى، قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرىدىكى ھەسسىدارلىق شىركىتىدە ئىگىلىگەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاي چېكىنى يېڭى شىركەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**«قازاقستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى ئېرىشكەن مول مەراسلار**

1997-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى، قازاقستان ھۆكۈمىتى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن 410-نومۇرلۇق «قازاقستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»نى ماقۇللىدى.

مەزكۇر قارارغا ئاساسەن قازاقستان مالىيە مىنىستىرلىكى دۆلەت مۈلكى ۋە بايلىقىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى بىلەن ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىكى 15 كۈن ئىچىدە زۆرۈر تەدبىر تۈزۈپ چىقىپ «قازاقستان نېفىتى» دۆ-

لەت نېفىت-تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىنى باشقۇرۇش، شىركەتنىڭ نىزامنامىلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش، ھەمدە ئاكتىپلاشقان ماددىلارنى قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان چەت ئەل سودىگەرلىرى قاتناشقان بىرقىسىم شىركەتلەرنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى پاي چېكىنى «قازاقىستان نېفىتى» قانۇنىي فوندىغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى.

دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىمۇ پاي شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى پايلىرى ۋە ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئۈلۈشىگە ،شۇنداقلا پايدىلىنىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

«قازاقىستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى قازاقىستاننىڭ قارا دېڭىزدىكى تۇرۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈش مالىيە گۇرۇھىنىڭ پاي ئىگىسى ۋە كاسپىي دېڭىزى تۇرۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈش مالىيە گۇرۇھى چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك قەرز ئىگىسىگە ئايلاندى. بىراق يېقىندا ئېيتىلغان پاي چېكنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى يەنىلا قازاقىستان ھۆكۈمىتىدە بولىدۇ.

## دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تېخى بېكىتىلمىدى

1991-يىلى 6-ئايدا قازاقىستان مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى «قازاقىستان نېفىت-تەبىئىي گاز» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىنى تىزىمغا ئالغاندى، بۇ شىركەت نېفىت قېزىش، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە نېفىت-تەبىئىي گاز توشۇش كارخانىلىرى، قوشۇمچە ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. نېفىت-تەبىئىي گازنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش بۇ شىركەتنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرمەيتتى. بىر يىلدىن كېيىن 1992-يىلى 6-ئايدا بۇ شىركەت قازاقىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا نامىنى «قازاقىستان نېفىت-تەبىئىي گاز» دۆلەت نېفىت شىركىتىگە ئۆزگەرتتى. بۇنىڭدىن بۇ ئىككى شىركەتنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قازاقىستان نېفىت-تەبىئىي گاز سانائىتى مىنىستىرلىكى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ نېفىت-تەبىئىي گاز تارماقلىرىدىكى باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكى دۆلەت تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ «نېفىت-تەبىئىي گاز» پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتى (1994-يىلى قۇرۇلغان) بىلەن «قازاقىستان تەبىئىي گازى» پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتى (1993-يىلى قۇرۇلغان) نىڭ ئورنىدا نېفىت-تەبىئىي گاز سانائىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. پەقەت «قازاقىستان كاسپىي دېڭىز قۇرۇقلۇق بوسۇغۇسى» پاي شىركىتى، «ئاراۋ تەبىئىي گاز» پاي شىركىتى، «جەنۇبىي يېقىلغۇ-ئېنېرگىيە» پاي شىركىتى، «چىمكەنت نېفىت ئورگانىك بىرىكمىسى» پاي شىركىتى ۋە چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى بىلەن شېرىكلەشكەن شىركەتلەر يەنىلا دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كارخانىدۇر. گەرچە بىرقىسىم گېئولوگىيە كارخانىلىرى پاي شىركىتى شەكلىدە «نېفىت-تەبىئىي گاز» دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتىگە كىرگەن بولسىمۇ، بىراق قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئاساسىي جەھەتتىن گېئولوگىيە كان مەسئۇلاتلىرى مىنىستىرلىكى تاماملاۋاتىدۇ.

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان قازاقىستان نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكى بىلەن گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم خىزمەتلىرى ئاخىرلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭىدىن قۇرۇلغان «قازاقىستان نېفىتى» نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تېخى بېكىتىلمىدى. بىراق خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ ئاپپاراتتا «چىمكەنت نېفىت ئورگانىك بىرىكمىسى» پاي شىركىتى بىلەن شېرىكلەشكەن كارخانىلاردىن باشقا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتى ۋە باشقا تەۋە شىركەتلەرنىڭ ئورنى يوق ئىكەن. «نېفىت-تەبىئىي گاز» دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتى 1997-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىكار قىلىندى.

410-نومۇرلۇق قاراردا «نېفىت-تەبىئىي گاز» دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتىگە قوشۇلغان ماشىنا ياساش، مۇلازىمەت ۋە باشقا تۈردە كارخانىلار تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ كارخانىلار قازاقىستان بىلەن چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ئىمزالىغان كېلىشىم بىلەن توختامنىڭ ئوبيېكتىمۇ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېزلا بەلگىلىنىدۇ.

**يېڭى شىركەتنىڭ دەسلەپكى قايغۇسى**

1997-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنى ئەسلىدىكى نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكىنىڭ باشلىقى H. بالكىمبايېۋ «قازاقىستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ زۇڭسەيلىكىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەسلى شىركەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەمەلىي گەۋدىسى بولۇش ھوقۇقىنىڭمۇ يوقىلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: يېقىن شەرق، ھىندونېزىيە، مېكسىكا ۋە جۇڭگونىڭ غەلىبىلىك تەجرىبىلىرى «قازاقىستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: 1990-يىلدىن بۇيان، قازاقىستاننىڭ نېفىت قېزىش سانائىتى تېخنىكىلىرى ئارقىدا قالغان ھالەتتە بولۇپ، بۇ خىل ھالەت دەل قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ زۇڭسەيى تەمىنلىگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدىكى قېزىشقا بولىدىغان نېفىت زاپىسى 3 مىليارد توننا، يىللىق قېزىلىش مىقدارى 20 مىليون توننىغا يېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە نەچچە مىليون توننىسى ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. 1996-يىلى 24 مىليون توننا. 1997-يىلى 27 مىليون 500 مىڭ توننا قېزىلغان. قازاقىستاننىڭ يىللىق نېفىت قېزىش مىقدارى دۇنيا بويىچە 26-ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق ئەگەر كاسپىي دېڭىزى قۇرۇقلۇق بوسۇغىسىدا ئېنىقلانغان كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان نېفىتلىكنى قوشۇپ ھېسابلايدىغان بولساق، قازاقىستاننىڭ نېفىت قېزىش مىقدارى تۆت-ئالتە ھەسسە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئاشىدۇ، كەلگۈسىدە ئالتىنچى ئورۇنغا ئۆتۈشى مۇمكىن.

1996-يىلى، نېفىت-تەبىئىي گاز سانائىتى قازاقىستاننىڭ بىردىنبىر مۇقىم راۋاجلانغان سانائىتى بولدى. يېڭى نېفىتلىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، نېفىت قېزىش مىقدارىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى ئەڭ كۆپ قېزىش مىقدارى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان بولدى. ھازىر بۇ تارماققا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد

ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، ئىمزالانغان توختام بويىچە، مەبلەغ سوممىسى يەنە 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كۆپىيىدۇ.

سابىق گېئولوگىيە مىنىستىرلىكى تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، 1992-يىلدىن 1996-يىلغىچە تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى قېزىشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 279 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ %84ى ئاكتىپلاشقان ماددىلارنى قېزىشقا ئىشلىتىلگەن، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %85ى (238 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) تاشقى قەرز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 369 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ %60ى ئاكتىپلاشقان ماددىلارنى قېزىشقا ئىشلىتىلگەن ، % 30كە يېقىن مەبلەغ (376 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) تاشقى قەرز.

مۆلچەرلىنىشىچە، كاسپىي دېڭىزى قۇرۇقلۇق بوسۇغىسىنى ئېچىش ئۈچۈن 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېتىدىكەن، شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا يول قويۇلغاندىلا ئاندىن بۇنچىلىك پۇلنى توپلىغىلى بولىدىكەن.

قازاقىستاننىڭ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە، پاۋلودار نېفىت ئايرىش زاۋۇتى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىلا ئەمەس، بەلكى شەرقىي ياۋروپادىمۇ بىر قەدەر ياخشى چوڭ تىپتىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ بىرىدۇر. مەزكۇر زاۋۇت %100 ئالدىن تۆلىنىدىغان پۇلنى ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتىن ۋاقىتىنچە توختىدى، بۇ ۋىرگىن ئارىلىدىكى ئەنگلىيەنىڭ «دېڭىز ئۈستى نېفىت چەكلىك شىركىتى» بىلەن تۈزگەن توختامدا بەلگىلەنگەن. بۇ شىركەت خېرىدار چاقىرىشتا نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئاتىراق نېفىت زاۋۇتى نېفىت-تەبىئىي گاز پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان يەتتە زاۋۇتنىڭ بىرىدۇر. (50 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە)، نۆۋەتتە بۇ زاۋۇتنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا مۇناسىپ مەبلەغ سېلىش كېرەك.

بالكىمبايېۋ ئەپەندى روسىيە «تەبىئىي گاز سانائىتى» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ۋەكىلى رېم.ۋياخراخىنىڭ قاراچاغاناق يېنىك گاز مەيدانى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى، دېگەن سۆزىگە رەددىيە بەردى. بالكىمبايېۋ مۇنداق دېدى: 1996-يىلى بۇ يەردە 6000 توننا ئاكتىپلاشقان ماددا ئىشلەپچىقىرىلدى. قېزىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشىدىكى سەۋەب، روسىيىدە يېنىك گاز پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ قازاقىستانغا نىسبەتەن پايدىسى يوق. قازاقىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەمكارلاشقۇچى شىركەتلەرگە تەبىئىي گاز يەتكۈزگەندە پەقەت ھازىرقى باھانىڭ %17ى بويىچىلا ھەق ئالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە قازاقىستاندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە روسىيىنىڭ تەبىئىي گاز پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بولسىمۇ، يىراق قاراق چاغاناقتا 1999-يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان قازاقىستاننىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىي گاز پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇرۇش يەنىلا ياخشى تاللاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ زاۋۇتنى باھار-ئۇرال گاز يەتكۈزۈش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىمىز، بۇنداق بولغاندا ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتنى شىمالغا توشۇغىلى بولۇپلا قالماستىن، قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغىمۇ توشۇغىلى بولىدۇ.

ئۇ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى:

جۇڭگو بازارلىرىنىڭ زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قازاقىستان نېفىتىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كۈچلۈك رىقابىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو-قازاقىستان ھەمكارلىقىنى 21-ئەسىردىكى تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىدىن تېنگىز نېفىتلىكىنىڭ نېفىتى بىلەن تەمىنلەش ھەمدە تۆمۈر يول ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا توشۇش، ئاخىرىدا نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. قازاقىستان دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ زۇڭسەيى مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا نېفىت-تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش توغرىسىدىكى پەرەز پىششىپ يېتىلدى. كىمنىڭ مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش تېخى بالدۇر، بىراق مەزكۇر تۈرگە خېرىدار چاقىرىشتا ئۇتۇپ چىققان تەرەپنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئەڭ چوڭ.

## يېڭى باشلىنىش — كونا مەسىلە

1997-يىلى 4-ئايدا، ياپونىيە دۆلەت نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭسەيى مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە كىشىلەر ئىركۇتسكىدىن مۇڭغۇلىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ياپونىيە، كورېيە ۋە جۇڭگونىڭ نېفىتكە بولغان كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئېھتىياجى بۇ پىلاننىڭ يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كەلگۈسىدە يەنە تۈركىيىدىكى تۇرۇبا بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ياۋروپا-ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا نۇرغۇن تارماق لىنىيىلىرى بولغان بىر تۇتاش تۇرۇبا تورلىرىنى قۇرۇشقا بولىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇ لايىھەنىڭ قازاقىستانغا نىسبەتەن پايدىلىق تەرىپىمۇ، پايدىسىز تەرىپىمۇ بار ئىكەن. پايدىلىق تەرىپى: قازاقىستان بۇ تورغا كىرگەندىن كېيىن ستراتېگىيىلىك مەقسەتكە يېتەلەيدۇ، يەنى نېفىت ئېكسپورت لىنىيىسىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. پايدىسىز تەرىپى: ئەگەر شەرقىي سىبىرىيىدىن جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان تۇرۇبا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلسە، قازاقىستان قازاقىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىن جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدىغان نېفىت تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا جۇڭگو زور دەرىجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا روسىيىدىن نېفىت ئىمپورت قىلىپ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. بىراق بىزنىڭ قارىشىمىزچە، جۇڭگو بازارلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئەندىشە بىر ئاز ئارتۇقچە.

قازاقىستاننىڭ نېفىت ئېكسپورتىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلە — توشۇش شەكلى ۋە لىنىيىنى قانداق تاللاش. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە ئومۇمىيۈزلۈك تېخنىكىلىق، ئىقتىسادىي دەلىللەش ئېلىپ بېرىش ھەم باشقا لايىھە بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بەلگىلەش. بۇ لايىھەلەر كاسپىي دېڭىزى تۇرۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈش مالىيە گۇرۇھى بەلگىلىگەن لىنىيە، «كاۋكاز كارىدورى»، پارس قولتۇقى تۇرۇبا يولى، ئافغانىستان ۋە پاكىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان لىنىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتە، قازاقىستان ئاساسلىقى روسىيە ئارقىلىق نېفىت ئېكسپورت قىلىدۇ. بىراق 1997-يىلى 3-ئايدا 80 مىڭ توننا نېفىت ئەزەربەيجان ۋە گرۇزىيە ئارقىلىق قارا دېڭىزغا، يەنە 70 مىڭ توننا نېفىت ئىران ئارقىلىق سىرتقا توشۇلدى.

بىراق ئىران بىلەن ئۇزاق مۇددەت نېفىت
ئالماشتۇرۇش تېخى بەلگىلەنمىدى. 1995ـيىلى
تۈزۈلگەن توختام بويىچە، قازاقستان ھەر يىلى
ئىراننى تېڭىز ۋە كورلېۋ نېفىتلىكىدىن قېزىلغان
60ـ20 مىڭ توننا خام نېفىت بىلەن تەمىنلىشى
كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىرانمۇ پارس قول-
تۇقى ئارقىلىق قازاقستاننىڭ سودا شېرىكلىرىنى
مۇۋاپىق مىقداردىكى نېفىتتىن ئىشلەنگەن بو-
يۇملار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. بۇ توختامنىڭ
مۇددىتى 10 يىل. بىراق ئىراننىڭ نېفىت ئايرىش
زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تېڭىز نېفىتلىكىدىن
ئېلىنغان گۈڭگۈرتلۈك تەركىبى يۇقىرى بولغان
خام نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلمەيدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن گەرچە بۇ قېتىم قازاقستاننىڭ لىق خام
نېفىت بېسىلغان ماي پاراخوتى ئىرانغا بارغان
تەقدىردىمۇ، بۇ لىنىيە ئۇزاققا بارماي مۇۋەققەت
ھالدا بىكار قىلىنىدۇ.

## كىم كىمگە بەكرەك ئېھتىياجلىق؟

قازاقستاننىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز سانائىتى-
دىكى رەھبەرلەر روسىيىنىڭ قازاقستاننىڭ نې-
فىت ـ تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى
ۋە ھەر قايسى تەرەپتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەي-
تىشكە ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بو-
لۇپمۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆ-
لەتلەر ئىچىدە، قازاقستان روسىيىنىڭ لوك نېفىت
شىركىتىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

روسىيە شىركەتلىرى، نۆۋەتتە قازاقستان-
نىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز ساھەسىدىكى باشقۇ-
رۇش ئورۇنلىرى ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىق، قا-
زاقستان كارخانىلىرىدا مەبلەغنىڭ كەمچىل بو-
لۇشى، شۇنداقلا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئې-
لىپ بارالماسلىق قاتارلىقلار ئىككى تەرەپنىڭ
ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىغا تەسىر كۆرسىتى-
ۋاتقان مۇھىم مەسىلە، دەپ قارايدۇ. قازاقستان-
دىن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان سانى-
كىت ـ پېتېربورگدىن كەلگەن بىر كارخانا ۋەكى-
لى مۇنداق دېيدۇ: قازاقستان مۇستەقىل دۆلەت-
لەر بىرلەشمىسىدە مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى
يولغا قويمىغان بىردىنبىر دۆلەت. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن كىشىلەر قازاقستان شىركەتلىرىنىڭ غەرب
شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىشقا
ئۆرۈنۈشىدىن گۇمانلىنىدۇ.

بىراق قانداقلا بولمىسۇن، ئىككى قوشنا
دۆلەتنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكار-
لىقى تەدرىجىي ھالدا ئەسلىگە كېلىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا) (02)

---

(بېشى 17 ـ بەتتە)

2. روسىيە فېدېراتسىيىسىدىن باشقا دۆ-
لەتلەرنى نېفىت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلى-
گەندە، توشۇش ھەققى ئىككى دۆلەتنىڭ باج
نىسبىتىنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك.

2.1 توشۇش ھەققىنىڭ ئۆزگىرىشى
مال تارقاتقۇچى ئورۇننىڭ ئاۋانس ھەققى
ۋە روسىيە فېدېراتسىيىسى زۆرۈتۈگىنىڭ
1992ـيىلى 9ـئاينىڭ 17ـكۈنىدىكى
بۇيرۇقىنىڭ 1089ـنومۇرلۇق «روسىيە-
دىكى بىر قىسىم ئېنېرگىيە تۈرلىرىنىڭ
باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى قارا-
رى»نى ئاساس قىلىشى كېرەك.

2.2 ئۆزۈن مەزگىللىك مۇقىم تو-
شۇش ھەققى چېگرىدىن چىققاندىن كې-
يىنكى 45 كۈن ئىچىدە ياكى توختامدا
بەلگىلەنگەن شەكىلدە ھېسابات قىلىنىدۇ.

روسىيە فېدېراتسىيىسى ئېنېرگىيە كومىتېتىنىڭ
رەئىسى ئېن. بارسوۋ (03)

# روسىيە خىمىيە سانائىتىنىڭ ئەھۋالى

روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى خىمىيە سانائەت ئىدارىسى روسىيىنىڭ خىمىيە سانائىتىنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان ئورگان.

روسىيىدە 1995ـ يىلى 3415 خىمىيە سانائەت كارخانىسى بار بولۇپ، بۇ كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 663 مىڭ كىشىگە يەتكەن. خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 8%نى ئىگىلىگەن. خىمىيە سانائىتىدىكى ئىشچىلارنىڭ سانى بارلىق سانائەت ئىشچىلىرى سانىنىڭ 4.1%نى ئىگىلەيدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مۇئاشى 511 مىڭ رۇبلى بولۇپ، ئۇن ئاساسلىق سانائەت دائىرىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مۇئاشىدىن (660مىڭ رۇبلى) تۆۋەن بولغان.

1990ـ يىلدىن 1994ـ يىلغىچە خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئۇدا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن 1995ـ يىلى 7 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان، ئەمما 1996ـ يىلى خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

1997ـ يىلى بىرىنچى پەسىلدە خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ ئاپاتىت كان مەھسۇلاتى 33%، ئاپتوبۇس بالونى 32%، بىرىكمە كاۋچۇك 24%، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بالونى 16%، كىران بالونى 14%، بىرىكمە ئاممىياك 13%، فوسفات كىسلاتالىق ئوغۇت 8%، ئازوتلۇق ئوغۇت 4%، بىرىكمە سىمولا ۋە سۇلياۋ 4% ئاشتى.

**1995ـ يىلدىكى مىنېرال خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى:**

فوسفات كىسلاتا خام ماتېرىيالى ـ 3 مىليون 454 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپاتىت 3 مىليون 316 مىڭ توننا؛

تاللانغان كارنالىت (ئارىلاش تۇز) ـ 582 مىڭ توننا؛

نېفېلىت ـ 1 مىليون 6 مىڭ توننا؛

گۈڭگۈرت ـ 2 مىليون 764 مىڭ توننا؛

**1995ـ يىلدىكى ئاساسلىق خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى:**

سۇلفات كىسلاتاسى ـ 6 مىليون 946 مىڭ توننا؛

بىرىكمە ئاممىياك ـ 9 مىليون 657 مىڭ توننا؛

كالتسىي كاربىت ـ 153 مىڭ توننا؛

ناترىي سۇلفات ـ 354 مىڭ توننا؛

**1995ـ يىلدىكى مىنېرال ئوغۇت مەھسۇلات مىقدارى:**

ئازوتلۇق ئوغۇت ـ 4 مىليون 900 مىڭ توننا؛

فوسفورلۇق ئوغۇت (فوسفورلۇق ئوغۇت پاراشوكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ـ 1 مىليون 900 مىڭ توننا؛

كالىيلىق ئوغۇت ـ 2 مىليون 800 مىڭ توننا؛

**1995ـ يىلدىكى خىمىيلىك تالا ۋە يىپەك مەھسۇلات مىقدارى:**

سۇئىشى تالا ۋە يىپەك ـ 111 مىڭ توننا؛
بىرىكمە تالا ۋە يىپەك ـ 105 مىڭ توننا؛

**1995ـ يىلدىكى بىرىكمە سمولا، سۇلياۋ ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى:**

بىرىكمە سمولا ۋە سۇلياۋ ـ 1 مىليون 804 مىڭ توننا؛

پولى ستېرىن ۋە فېنىل ئېتىلىندىن ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا ـ 98 مىڭ 600 توننا؛

پولى ۋىنىل خلورىد سمولى ۋە ۋىنىل خلورىدتىن ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا ـ 283 مىڭ توننا؛

پولى ئېتىلېن ـ 685 مىڭ توننا؛

پولى پروپىلېن ـ 62 مىڭ 200 توننا؛

ئەينەك پلاستىك مەھسۇلاتلىرى ـ 9 مىڭ توننا؛

بىرىكمە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ـ 8699 توننا.

**1995ـ يىلدىكى بالون ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېڭىلاش ئەھۋالى:**

ئاپتوموبىل، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ۋە موتوتسىكلىتنىڭ بالونى ـ 18 مىليون 800 مىڭ دانە؛

ۋېلسىپىت بالونى ـ 4 مىليون 100 مىڭ دانە؛

كونىدىن يېڭىلانغان بالون ـ 400 مىڭ دانە.

**ئايرىم تۈردىكى خىمىيە سانائەت ۋە نېفىت خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ يەككە ماشىنىدا يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى:**

بىرىكمە ئاممىياكنىڭ يەككە ماشىنىدا يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 400ـ450 مىڭ توننا، 1995ـ يىلى مەھسۇلات مىقدارى 7 مىليون 460 مىڭ توننا بولۇپ، يەككە ماشىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بىرىكمە ئاممىياك، بىرىكمە ئاممىياك يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 77٪ نى ئىگىلىدى؛

سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ 95ـ يىللىق مىقدارى 4 مىليون 581 مىڭ توننا، يەككە ماشىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغىنى 360ـ700 مىڭ توننا بولۇپ، ئومۇمىي يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 66٪ نى ئىگىلىدى؛

پولى ستېرىننىڭ 95ـ يىللىق مىقدارى 25 مىڭ 200 توننا، يەككە ماشىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغىنى 28 مىڭ توننا بولۇپ، ئومۇمىي يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 26٪نى ئىگىلىدى؛

تۆۋەن زىچلىقتىكى پولى ئېتىلېننىڭ 95ـ يىللىق مىقدارى 133 مىڭ توننا، يەككە ماشىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغىنى 50 مىڭ توننا بولۇپ، تۆۋەن زىچلىقتىكى پولى ئېتىلېن يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 39٪نى ئىگىلىدى؛

يۇقىرى زىچلىقتىكى پولى ئېتىلېننىڭ 95ـ يىللىق مىقدارى 142 مىڭ توننا، يەككە ماشىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغىنى 60 مىڭ توننا بولۇپ، يۇقىرى زىچلىقتىكى پولى ئېتىلېن يىللىق مىقدارىنىڭ 42٪نى ئىگىلىدى؛

پولى ۋىنىل خلورىدنىڭ 95ـ يىللىق مىقدارى 108 مىڭ توننا، يەككە ماشىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغىنى 50 مىڭ توننا بولۇپ، پولى ۋىنىل خلورىد سمولى ۋە ۋىنىل خلورىدتىن ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا ئومۇمىي يىللىق مىقدارىنىڭ 38٪نى ئىگىلىدى؛

پولى پروپىلېننىڭ 95ـ يىللىق مىقدارى 50 مىڭ 300 توننا بولۇپ، پولى پروپىلېن ئومۇمىي يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارىنىڭ 81٪ نى ئىگىلىدى.

خىمىيە سانائەت ۋە نېفىت خىمىيە سانائەت تارماقلىرىدىكى پەن تەتقىقات ئورگانلىرى، كو-

سېرىن جەمئىيىتى ۋە شىركىتى قارمىقىدىكى پەن تەتقىقات ئورگىنىنىڭ 1995-يىللىق تەتقىقات ۋە ئېچىش مىقدارى 381 مىليارد 400 مىليون رۇبلىغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان تەتقىقات ۋە ئېچىش مىقدارى 346 مىليارد 400 مىليون رۇبلىغا يەتتى. بۇ تەتقىقات مىقدارى 111 مىليارد 400 مىليون رۇبلى (ئاساسىي تەتقىقات 31 مىليارد 400 مىليون رۇبلى) ھەم ئېچىش مىقدارى 173 مىليارد 100 مىليون رۇبلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى تەتقىقات ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1995-يىلى 28 مىڭ 459 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ۋە ئېچىش خىزمىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر 14 مىڭ 925 كىشى (دوكتور 390، مۇئاۋىن دوكتور 2984) ياردەمچى خادىملار 10 مىڭ 892، باشقا خادىملار 2642 كىشى.

روسىيە خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى دائىرىسىدە يەتتە دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات مەركىزى بار، ئۇلار مۇئەييەن دەرىجىدە دۆلەتنىڭ شۇ دائىرىدىكى پەن-تېخنىكا كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. (01)

## تۈركمەنىستان خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە شىركىتىگە ئەزا بولدى

تۈركمەنىستان دۇنيا بانكا گۇرۇھى تارمىقىدىكى خەلقئارا پۇل – مۇئامىلە شىركىتىنىڭ 172-ئەزا دۆلىتى بولدى. تۈركمەنىستانىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى خالىر. ئۇر خۇسۇسىي ئىگىلىك تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ خەلقئارا ئورگانغا رەسمىي كىرىش توغرىسىدىكى ھۆججەتكە ئىمزا قويدى. تۈركمەنىستان بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى مەبلەغ سېلىش مەنبەسىگە ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ مەبلەغنى ئېنېرگىيە تارماقلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. خالىر، تۈنجى تۈر 1997-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە باشلىنىدۇ، بىرىنچى باسقۇچتىكى مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سانى 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇشى مۇمكىن دېدى. تۈركمەنىستانىنىڭ خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە شىركىتىگە ئەزا بولۇشى دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىدى. (01)

## ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانىنىڭ باشلىقلىرى تاشكەنتتە ئۇچراشتى

1997-يىلى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانىنىڭ رەھبەرلىرى تاشكەنتتە يىغىن ئاچتى، قازاقىستانغا ۋاكالىتەن قازاقىستانىنىڭ زۇڭلىسى نۇرلان . بالزىمبايېۋ قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە جەمئىي 12 مەسىلە مۇزاكىرە قىلىندى يەنى قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بازىرىنى قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى، شەھەرلەر ئارا ناركوز قىلىش دورىلىرىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش كومىتېتىنى قۇرۇش، ساياھەت ئىشلىرى ساھەسىدە ھەمكارلىشىش ۋە باشقىلار.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى كېلەر قېتىم 1998-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى بىشكەك شەھىرىدە ئۇچرىشىدىغان بولدى. (01)

# ئۆزبېكىستاننىڭ ئالتۇن قېزىش ئەھۋالى

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئالتۇن بازىسى ئۆزبېكىستان قىزىلقۇم مولۇنتاۋ ئالتۇن كانى بولۇپ، هازىر بۇ كان تەل-تۆكۈس قېزىلىپ بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان موسكۋا ئاندىن كېيىن تاشكەنت مەزكۇر كاندىن قىممەتلىك مېتاللارنى قېزىپ كېلىۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشتى.

هازىر مولۇنتاۋ ئالتۇن كانىنىڭ 350 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كان. قۇدۇقىدىن هەر يىلى ئالتۇن چەككىلەش زاۋۇتىغا 37 مىليون توننا رۇدا توشۇلىدۇ. بۇ ئانچە ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا خېلى ئاز هېسابلىنىدۇ. كان قېزىش مەيدانىدىكى كان قۇدۇقى بارغانچە چوڭقۇرلاپ، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئاخىرقى چەككە يېتىش ئالدىدا تۇرماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نافوي كان مېتاللۇرگىيە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى نىكولا كۇچېرسكىي، دۇنياغا داڭلىق بۇ ئالتۇن بازىسىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش دەۋرى يېتىپ كەلدى، بۇ بارلىق دۆلەت ۋە ئورگانلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ دېدى.

بۇ ئالتۇن بازىسىنى زامانىۋىلاشقان قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇ پىلانغا ئاساسەن ئىلگىرىكى مۇرەككەپ ئېغىر ئۇسكۇنىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يېڭى ئىجات قىلىنغان يەتكۈزۈش قۇرۇلمىلىرى ئورنىتىلىدۇ، بۇ «تۇز يانتۇ» يەتكۈزۈش قۇرۇلمىسى 850 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى رۇدىلارنى يەر يۈزىگە يۆتكەپ چىقالايدۇ، قېزىلغان قۇدۇقنىڭ ئىككى تەرىپىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ، هاۋا يۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى، بۇ پارتلاش خەۋپى بار قۇدۇقلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر مەزكۇر پىلان ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشىدىغان بولسا، قىزىلقۇمدىكى ئالتۇن رۇدىسى 40-45 مىليون كۇب مېتىرغا كۆپىيىدۇ، دېمەك بۇ تېخىمۇ كۆپ ئالتۇننىڭ دۆلەت بانكىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشكابىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

غايەت زور پۇل سودىگەرلەرنى غىدىقلىغۇچى ئامىل بولۇپ قالدى. بۇ پىلانغا قىزىققۇچىلار قاتارىدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى شېرىكلەرمۇ ۋە غەربتىكى يەتتە شىركەتمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. لېكىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى شېرىكلەر بىر چەتتە قاراپ قېلىپ غەربتىكى شىركەتلەر هەمكارلىق ئورناتماقچى بولدى. 1998-يىلى 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «غەلىبە قىلغۇچى شىركەت» بەلگىلىنىدۇ، بۇ شىركەت بىر يېرىم يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۇقىرىقى پىلاننى تاماملايدۇ. هازىر غەلىبىگە ئېرىشىشتە ئۈمىد بىرقەدەر زور بولغىنى گېرمانىيىنىڭ «مانچېكرافوت» شىركىتى ۋە ياپونىيىنىڭ «مابېك» شىركىتى.

يېڭى كان قۇدۇقى بار نافوي مېتاللۇرگىيە شىركىتى ئالتۇن قېزىش زاۋۇتى 2030-يىلغىچە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاپ چىقتى. بۇ پروگراما ئۈچۈن 900 ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەبلەغنىڭ ئەڭ زور قىسمى كان قېزىش ئۇسكۇنىلىرىگە كېتىدۇ. 1996-يىلى 46 مىليون ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ ئۇسكۇنە سېتىۋالدى.

(ئاخىرى 40 - بەتتە)

# ئۆزبېكىستان بىلەن لىتۋا شېرىكلىشىپ ئۈي جاھازىلىرىنى ئىشلەپچىقاردى

ئۆزبېكىستاندا دۆلەت ئىشلەپچىقارغان ۋە شېرىكلىشىپ ئىشلەپچىقارغان ئۈي جاھازىلىرىنىڭ تۈرلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپلا قالماستىن، بەلكى سۈپىتىمۇ ياخشىلىنىپ ئىنتايىن زور بازار رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولدى. پايتەختتىكى ئىشلەپچىقىرىش سودىگەرلىرىلا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ قالماي، يەرلىكتىكى كەسىپداشلارمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۆزبېكىستان بىلەن لىتۋانىڭ شېرىكلەشكەن كارخانىسى «ۋېلىب» نىڭ مەھسۇلاتلىرى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

مەزكۇر كارخانىدىكى شېرىكلەشكەن ئىككى تەرەپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا سەمەرقەنت ئۈي جاھازىلىرى ئىشلەپچىقىرىش پاي شىركىتى ۋە لىتۋا كائۇناس ئۈي جاھازىلىرى زاۋۇتىدىن ئىبارەت بولۇپ، سەمەرقەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا قۇرۇلغان بۇ يېڭى كارخانا يېتەرلىك تەجرىبىلىك خىزمەتچى خادىملارغا ئىگە، ئۇلار ئىلغار تېخنىكىلارنى ۋە زامانىۋى ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر زاۋۇت شۇ يەرلىك ئۈي جاھازىلىرى بازىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك بۆسۈپ كىردى. مەيلى لىتۋانىڭ مەھسۇلاتى بولسۇن، ياكى سەمەرقەنتنىڭ مەھسۇلاتى بولسۇن ھەممىسىنىڭ كۆپلىگەن ھاجەتمەنلىرى بار. يەنە بىر تەرەپتىن ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپ ھەمكارلىقى بازار رىقابىتىگە جانلىق يۈزلىنىپ، بازارغا ناھايىتى تېز ماسلاشتى، بۇ سەمەرقەنت خەلقلىرىگە ئىنتايىن كۆپ پايدا ئېلىپ كەلدى، يېقىنقى بىر مەزگىلدە ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، مەھسۇلات سۈپىتىدىمۇ زور ياخشىلىنىش بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈرلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.

مەزكۇر كارخانا يەرلىك بازارنى ئۇزۇن مەزگىلگىچە 20 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشخانا ئۈسكۈنىلىرى، ھەر خىل شەكىلدىكى ئۈستەل - ئورۇندۇقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقچە گۈل-نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، بۇ شۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. يېقىنقى پىلاندا سەمەرقەنت ئۈي جاھازىلىرى سودىگەرلىرىنىڭ يەنە بىر لايىھىسى يەنى يەنە بىر چوڭ تىپتىكى شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇش پىلانى بولۇپ، بۇنىڭغا روسىيە قاتناشقان. ئۈي جاھازىلىرى شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ تېخىمۇ ئىشەنچلىك، تېخىمۇ مۇقىم ھالدا ئىشلەپچىقىرىشنى زۆرۈر بولغان ماددىي كاپالەت ۋە بىرىيۇرۇش مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، كەلگۈسىدە پەقەت يەرلىك بازارنىلا ئەرزان ياخشى ماللار بىلەن تەمىنلەپ قالماستىن يەنە باشقا رايونلارنىمۇ تەمىنلەيدۇ. (03)

# ئەزەربەيجان ئامېرىكا بىلەن يېڭىدىن نېفىت توختىمى تۈزدى

1997-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى گايدال. ئارىيېۋ ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى ۋاشىنگتوندا ئامېرىكىنىڭ ئېكسون، شېۋرون، موبىل نېفىت شىركەتلىرى بىلەن كاسپى دېڭىز نېفىتلىكىنى ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك 3 توختامنى تۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇ شېۋرون شىركىتى بىلەن كاسپى دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلىمى 160 كۋادرات ئىنگلىز مىلى، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 800-2000 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان گاپشېرون چوڭقۇر سۇ ئازگىلى بەلبېغىنى چارلاش ۋە ئېچىش توختىمىنى تۈزدى. توختامدا بەلگىلىنىشىچە، ئامېرىكا شىركىتى 30% ئېچىش ئۇلۇشىگە ۋە مەشغۇلات ھوقۇقىغا ئېرىشىدىكەن ھەمدە 1999-يىلدىن بۇرۇن بۇ يەردە بۇرغىلاش سىنىقىنى باشلايدىكەن. ئېكسون شىركىتى بىلەن كۆلىمى 100 كۋادرات ئىنگلىز مىلى، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 30-1600 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ناھچىۋان نېفىتلىكىنى چارلاش ۋە ئېچىش توختىمىنى تۈزگەن بولۇپ، ئېكسون شىركىتى بىلەن ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ ھەرقايسىسى 50% لىك قاتنىشىش ئۇلۇشىگە ئېرىشىدۇ، لېكىن ئەزەربەيجان نېفىت شىركىتى ئۆزى ئېرىشىشكە تېگىشلىك مەشغۇلات ھوقۇقىنى ئامېرىكا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. موبىل شىركىتى بىلەن بولسا باكۇنىڭ شەرقىدىكى 61 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئىستىقبالىغا ئىگە ئاۋگۇست ئازگال بەلبېغىنى ئېچىش توختىمىنى تۈزگەن بولۇپ، موبىل شىركىتى بىلەن ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى ئېچىش ئۇلۇشىگە تەڭ مىقداردا ئېرىشىدۇ، لېكىن مەشغۇلات ھوقۇقىغا پۈتۈنلەي موبىل شىركىتى ئىگە بولىدۇ. بۇ 3 نېفىت توختامنىڭ ئومۇمىي سوممىسى مۆچەرلىنىشىچە 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىنىڭ ئاموك شىركىتىمۇ ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىش كېلىشىمى تۈزدى، كېلىشىمگە ئاساسەن ئامېرىكا شىركىتىنىڭ ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى بىلەن زاپىسى 2 مىليارد تۇڭ بولغان نېفىت ئېلىش ئىستىقبالىغا ئىگە ئىنام ئازگال بەلبېغىنى ئېچىش ئىشلىرى توغرىسىدا ئۆز ئالدىغا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى بار.

ئارىيېۋ ئامېرىكا بىلەن تۈزۈشكەن كاسپى دېڭىزى نېفىت بايلىقىنى ئېچىش توختىمى روسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، روسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى مەنپەئەتى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ دەپ جاكارلىدى.

گايدال . ئارىيېۋ ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇش مەزگىلىدە ئامېرىكا بىلەن ئەزەربەيجاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نېفىت توختاملىرىدىن سىرت، يەنە ئامېرىكا ـ ئەزەربەيجان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما بايانات ۋە مەبلەغ سېلىشنى قوغداش كېلىشىمى، شۇنداقلا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

# روسىيە پۈر نېفىت - تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئۆتۈنۈپ بېرىلدى

سىبىرىيە — يىراق شەرق نېفىت شىركىتى (غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتى)، روسىيە نېفىت شىركىتى ۋە روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت مال-مۈلۈك كومىتېتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولۇپ، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن پۈر نېفىت - تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى كەلگۈسىدە روسىيە نېفىت شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. بۇ خەۋەرنى غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتى ئاخبارات باشقارمىسى ئېلان قىلغان.

خەۋەردە: «كېلىشىمگە ئاساسەن، ھەر قايسى تەرەپ بۇ كېلىشىمگە قول قويغان ھەم روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالىي ھەكەملەر ھەيئەت رىياسىتى تەرىپىدىن تەستىقلانغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپ ھازىر- ھەم كەلگۈسىدە يۇقىرىقى مەسىلىلەر توغرىسىدا باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ» دېيىلگەن.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتى پۈر نېفىت - تەبىئىي گاز ئېچىش ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ھەسسىدارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىدى. پۈر نېفىت-تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ پاي چېكى تەۋەلىك مەسىلىسى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتى بىلەن روسىيە نېفىت شىركىتى دەۋالىشىپ تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھىم نۇقتا بولۇپ كەلگەنىدى. پۈر نېفىت-تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى روسىيە نېفىت شىركىتىنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى باشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىشارىتى. روسىيە نېفىت شىركىتىنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىشى 1997-يىلى 4-پەسىلدىن 1998-يىل 2-پەسىلگىچە يولغا قويۇلىدىكەن.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىمپورت-ئېكسپورت بانكىسىنىڭ باش لىدېرى يېقىندا، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىمپورت-ئېكسپورت بانكىسى - خەلقئارا پۇل

---

بۇ قېتىملىق ئامېرىكىغا قىلىنغان زىيارەت ئارقىلىق، جامائەتچىلىك ۋاشىنگتون كاۋكاز رايونىغا قارىتا يۈرگۈزگەن تاشقى سىياسىتىدە بارغانسېرى باكۇغا ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن مۇھىم مەنپەئەتلىرى ئەزەربەيجانغا مۇجەسسەملەشتى دېگەن تونۇشقا كەلدى. بۇندىن كېيىن بارلىق قوشنا دۆلەتلەرمۇ (روسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بۇ مەسىلىگە قارىتا تېخىمۇ كۆپرەك ئويلىنىشى مۇمكىن. لېكىن تۈرلۈك ئالامەتلەر شۇنى بىلدۈرىدۇكى، روسىيىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى جۈملىدىن ئەزەربەيجاندىكى تەسىر كۈچى قىلچە ئاجىزلىغىنى يوق. ئەزەربەيجاننىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئامېرىكا ۋە روسىيىنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. (03)

مۇئامىلىسى گۇرۇھى كونتروللىغىدىكى غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتى كېلىشىم تۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان 1997-1998-يىللىق روسىيە نېفىت شىركىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشماقچى بولىۋاتىدۇ دېگەن.

1997-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى ئالى ھەكەملەر سوت مەھكىمىسى روسىيە نېفىت شىركىتىنىڭ موسكۋا رايونلۇق فېدېراتسىيە ھەكەملەر سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى ئۈستىدىن قىلغان ئەرزىنى قوبۇل قىلدى. 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى موسكۋا رايونلۇق فېدېراتسىيە ھەكەملەر سوت مەھكىمىسى غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتىنىڭ روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت مال-مۈلۈك كومىتېتى ۋە روسىيە نېفىت شىركىتى ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتىنىڭ پۇر نېفىت-تەبىئى گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ پاي چېكىنى كونترول قىلىش نورمىسىغا قارىتا ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە كەلگۈسىدە بۇ پاي چەكلىرىنى روسىيە نېفىت شىركىتىدىن ئايرىپ چىقىشنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى دەۋاسى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغانىدى. غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتى دەۋادا ئۇتتۇپ چىقتى.

موسكۋا ھەكەملەر سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەكەملەر سوت مەھكىمىسى 4-ۋە 5-ئايلاردا غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتىنىڭ دۆلەت مال-مۈلۈك كومىتېتى بىلەن روسىيە نېفىت شىركىتى ئوتتۇرىغا قويغان روسىيە پۇر نېفىت-تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنى غەربىي سىبىرىيە نېفىت شىركىتىگە قايتىدىن قوشۇۋېتىش توغرىسىدىكى ئەرزىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا رەت قىلغانىدى.

1995-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى ھۆكۈمەت بۇيرۇقىغا ئاساسەن پۇر نېفىت - تەبىئىي گاز شىركىتى غەربىي سىبىرىيە شىركىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، روسىيە نېفىت شىركىتىگە قوشۇۋېتىلگەن.

پۇر نېفىت-تەبىئى گاز ھەسسىدارلىق شىركىتى 8 مىليون توننا نېفىت قازغان، لېكىن پۈتۈن شىركەتنىڭ نېفىت قېزىش مىقدارى 13 مىليون توننا ئىدى. كېلىشىمگە ئاساسەن، پۇر نېفىت - تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 692 مىليون 763 مىڭ رۇبلى بولغان 42 مىليون 319 مىڭ 45 پاي چېكىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى روسىيە نېفىت شىركىتىگە تەئەللۇق بولغان قانۇنىي كاپىتالنىڭ 38%نى ئىگىلەيدۇ.

پۇر نېفىت-تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ قانۇنىي كاپىتالى 4 مىليارد 45 مىليون رۇبلى بولۇپ، پاي چېكىنىڭ ھەر بىر پېيىنىڭ قىممىتى 40 رۇبلى بولغان. 1997-يىلى 4-ئايدا پۇر نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى پايچىكلار يىغىنى قىممىتى 1000 رۇبلى بولغان 4 مىليارد 8 مىليون ئادەتتىكى جامائەت پېيى ۋە 1 مىليارد 6 مىليون ئېتىۋار پېيى تارقىتىش ئارقىلىق، جامائەت كاپىتالىنىڭ سان مىقدارىنى 6 تىرليون 400 مىليارد رۇبلىغا يەتكۈزۈشنى قارار قىلغانىدى.

پۇر نېفىت-تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ قانۇنىي كاپىتالىنى كېمەيتىش ئىشى شىركەتنىڭ مۇقىم مۈلۈكىنى قايتىدىن باھالاش يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى، ئەمما قوشۇلىدىغان پاي سېتىۋالغۇچىلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ قانۇنىي كاپىتالدا ئىگىلىگەن نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىنىشى كېرەك. ھەسسىدارلىق شىركەت مۇدىرىيىتى ۋاقىتلىق پايچىكلار يىغىنى ئېچىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانۇنىي كاپىتالنى كېمەيتىش توغرىسىدا قارار چىقارسا بولىدۇ. (ئۆ)

# يېڭى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ

1997-يىلى 7-ئاينىڭ 8-كۈنى، قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ ئىقتىسادىي ياردەمچىسى، ئالىي ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زاينۇر. كازىمۇژاننوۋ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى.

زاينۇر. كازىمۇژاننوۋ: «بۈگۈن زۇڭتۇڭنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىشى بىلەن ئارقىغا تارتىپ بېرىلمىگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىنى ۋە پېنسىيە پۇلىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىش چارىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى يەرلىكنىڭ ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىسى سۈپىتىدە كىچىك كارخانىلارنى يۆلەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەت ستاتىستىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان يەرلىك خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى» دېدى.

زاينۇر. كازىمۇژاننوۋ: «1997-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى سەھەرگە قەدەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى 800 مىڭدىن ئارتۇق پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇرۇن تارقىتىپ بېرىلمىگەن مۇئاشىنى ئېلىپ بولدى، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قەرز قايتۇرۇش پىلانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى. بۇ قېتىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن پۇل تەخمىنەن 5 مىليارد تەڭگە بولۇپ، 1997-يىلى 7-ئايدا تارقىتىلىدىغان 8 مىليارد 113 مىليون 700 مىڭ تەڭگە يېقىنقى 2-3 كۈن ئىچىدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلىپ بولۇش پىلانلىنىۋاتىدۇ» دېدى.

زاينۇر. كازىمۇژاننوۋ يەنە: «ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ قەرز پۇل يېزا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىلمىگەن پېنسىيە پۇلى بولۇپ، يېزىلارنىڭ پېنسىيە پۇلى تارقىتىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ئويلاپمۇ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، بۇ قىيىنچىلىقلار بولسا قەرز تۆلەش پىلانىدا تولۇق نەزەرگە ئېلىنمىغان. ھازىر 3500 يېزا ئاھالە نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان 1 مىليون 67 مىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كېچىكىپ بېرىلگەن ئىش ھەققىنى ئېلىپ بولدى» دەپ كۆرسەتتى.

زاينۇر. كازىمۇژاننوۋنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئىككىنچى باسقۇچلۇق قەرز تۆلەش خىزمىتى 1997-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە ھۆكۈمەت بۇنىڭغا 8 مىليارد تەڭگە ئاجرىتىدىكەن. كازىمۇژاننوۋ ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتى كەلگەندە 7-ئايدىكى قەرز تۆلەش خىزمىتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسە چىقىرىدىغانلىقىغا، پۇل پاخاللاشقان ئەھۋال ئاستىدا قەرز تۆلەش خىزمىتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىدىغانلىقىغا ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئەھۋالغا قاراپ، زۆرۈر بولغان ئەھۋال ئاستىدا دۆلەت تەڭشەپ كونترول قىلىش چارىسىنى قوللىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

زاينۇر. كازىمۇژاننوۋ كىچىك كارخانىلارنىڭ پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يېڭى ئېلان قىلىنغان زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىنىڭ ماھىيىتى كۈندىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، دۆلەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى

قېلىپلاشقان ھۆججىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

قەرز تۆلەشكە زۆرۈر بولغان نۇرغۇن مەبلەغ زايىوم تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق توپلىنىدۇ. دۆلەت قەرز ئالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىنى زىچ بىرلەشتۈرىدۇ.

زاينۇر. كازىمۇژاننوۋ نامۇۋاپىق بولغان ئىمپورتنى دەرھال چەكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق ئىمپورت كارخانىلىرىنى دەسسىتىش ئۈچۈن ماددىي ۋە تېخنىكا بازىسىنى قۇرۇشنىڭ پەقەت ئاز ساندىكى بىرنەچچە كارخانىلارلا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدىغان ئىقتىسادىي ساھەنى قايتىدىن جانلاندۇرالايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئاممىۋى ئىشلار دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىلگىرىكى يىللارغا سېلىشتۇرۇش نەتىجىسى زۆكتۈك بۇيرۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كۆپ ھاللاردا يەر باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تېز رېتىملىق ئىقتىسادىي ئىسلاھات دۆلەت ستاتىستىكا تۈزۈمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئۆزگەرتىش زۆكتۈكنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا دائىر يوليورۇقىنى ئاساس قىلىشى، ھەر قايسى ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان كومىتېتلارنى قۇرۇشى ۋە تەسىس قىلىشى كېرەك. كومىتېتنىڭ ماسلاشتۇرۇش يىغىنىدا ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگىنىنى سايلاپ چىقىش ھەمدە ستاتىستىكا خىزمىتىنى ياخشىلاش چارىلىرىنى بېكىتىش كېرەك. زۆكتۈك يەنە شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئامالنىڭ بېرىچە ستاتىستىكا مەلۇماتىدا غەيرى ھۆكۈمەت تەرەپ مەبلەغ تۈزۈلمىسى ۋە تاشقى مەبلەغ تۈزۈلمىسىنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت تاۋارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقىي ماتېرىياللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كەڭ ئاممىغا ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىشى. (03)

# قازاقىستان كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى يۆلىمەكتە

قازاقىستان ئىچكى كابىنېتى 1997-ۋە 1998-يىلى كىچىك كارخانىلار ئۈچۈن 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ تاشقى قەرزىنى تۆلەشنى قارار قىلدى.

قازاقىستاندىكى كىچىك كارخانىلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر قازاقىستان ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ پەقەت 5% ىنىلا ئىگىلەيدۇ. بۇ نىسبەت روسىيىنىڭ ئىككىدىن بىرىگە، ئېستونىيىنىڭ توققۇزدىن بىرىگە تەڭ. كىشىنى نارازى قىلىدىغان بۇ سانلىق مەلۇمات ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا ئاشكارىلاندى. كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل توسقۇنلۇق قىلىدۇ: بىرىنچى، ئوبوروت قىلىنىدىغان مەبلەغ كەم؛ ئىككىنچى، تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ قالايمىقان پۇل ئېلىشى؛ ئۈچىنچى، ئامانەت قەرز پۇلغا ئېرىشىش تەس بولۇش قاتارلىقلار.

بۇندىن كېيىن سودا بانكىلىرىنىڭ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغا بېرىدىغان ئامانەت قەرزى ئامانەت قەرز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 10% تىدىن ئاز بولمايدۇ. (01)

# دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىگە بولغان پەن-تېخنىكا سىياسىتىنىڭ سىجىللىقىنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپ **سەمەت ئەمەت**

دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىگە
بولغان ئۆلچىمىنىڭ تەتقىقات باسقۇچىدا تۇرۇ-
ۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ ماقالىدا ۋاقتىنچە
OECD دۆلەتلىرى 1986-يىلى تەكلىپ قىلغان
يۇقىرى تېخنىكا كەسپى ئۆلچىمىنى قوللىنىپ،
دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنىڭ تەرەق-
قىيات ئەھۋالىغا قارىتا يۈزەكى تەھلىل ئېلىپ
بارماقچىمىز.

**بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنى-
كا كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالى.**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن
بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنىڭ
تەرەققىياتى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەت
بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ
13 -قۇرۇلتىيىدا يۇقىرى تېخنىكىلىق، يېڭىدىن
گۈللەنگەن كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا دىققەت
قىلىنىپ كەلدى. 14-قۇرۇلتايدا يۇقىرى تېخنىكا
كەسپلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان دۆلەت زور
تەدبىر قوللىنىپ يۇقىرى تېخنىكىنى تەرەققىي
قىلدۇردى. 1989-يىلدىن باشلاپ يۇقىرى تېخ-
نىكا كەسپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان
«ئۇچقۇن پىلانى» نى يولغا قويۇپ، يۇقىرى
تېخنىكا كەسپلىرىنى يېتىشتۈردى ۋە بارلىققا
كەلتۈردى. نەچچە ئون مىڭلىغان پەن-تېخنىكا
خادىملىرىنى ئۇچقۇن پىلانى بىلەن شۇغۇللى-
نىشقا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى تېخنى-
كىلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ چىقىشىغا ئىلھام
بەردى. دېڭىز ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايون-
لاردا ۋە ئىچكى چوڭ شەھەرلەردە پەن-تېخنىكا
تەرەققىيات مۇلازىمەت مەركىزى، ئۇچقۇن يۇقى-
رى تېخنىكا كەسپى تەرەققىيات مەركىزى، ئون
نەچچە يۇقىرى تېخنىكا كەسپى تەرەققىيات رايو-
نى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلىتى-
مىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا نەزەرىيىسى تەتقىقاتى
ۋە كەسپلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «863
پىلانى»نى يولغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن باج،
ئامانەت، قەرز، تېخنىكا كىرگۈزۈش، ئىمپورت-
ئېكسپورت قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى تېخنىكا
كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتا ئېتىبار بې-
رىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇپ، دۆلىتىمىز-
نىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنى تېز ئىلگىرى
سۈردى.

1. ئومۇمىي كەۋدىدىن ئالغاندا دۆلىتىمىز-
نىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپى تەرەققىياتى دەس-
لەپكى كۆلەمدە تۇرماقتا. پۈتۈن مەملىكەت بو-
يىچە سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قا-
رىغاندا 1995-يىلى دۆلىتىمىزدىكى ئومۇمىي يېزا
ھەم يېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى مۇستەقىل

ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا ئارقىلىق ئاشۇرغان قىممىتى 173 مىليارد 880 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۇشقا ئاشۇرغان باج پايدىسى 51 مىليارد 260 مىليون يۈەن بولغان. ئومۇمىي يېزىلار ھەم يېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاشۇرغان قىممىتى ۋە ئۇشقا ئاشۇرغان پايدا بېجىنىڭ سېلىشتۇرمىسى %10 ئاشقان بولۇپ دۆلىتىمىزدىكى يۇقىرى تېخنىكا كەسپى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2. ئىقتىسادىي تەركىبىدىن قارىغاندا دۆلەت كارخانىلىرى، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپى تەرەققىياتىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن. 1995-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى تېخنىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى 15 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئاشۇرغان قىممىتى 118 مىليارد 910 مىليون يۈەن، ياراتقان باج پايدىسى 32 مىليارد 910 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى تېخنىكا كەسپى بىلەن ئۇشقا ئاشۇرغان قىممەت ھەم باج پايدىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا %60 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىدا يۇقىرى تېخنىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار 8 مىڭ بولۇپ، ياراتقان قىممىتى 54 مىليارد 580 مىليون يۈەن، يۇقىرى تېخنىكا كەسپى بىلەن ئۇشقا ئاشۇرغان باج پايدىسى 12 مىليارد 870 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتكۈل يۇقىرى تېخنىكا كەسپىدىكى سېلىشتۇرمىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %19.8، %31.4 ۋە %25.1 بولغان، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى ئىچىدە يۇقىرى تېخنىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار 7 مىڭ بولۇپ، ياراتقان قىممىتى 64 مىليارد 330 مىليون يۈەن، ئۇشقا ئاشۇرغان باج پايدىسى 20 مىليارد 120 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتكۈل يۇقىرى تېخنىكا كەسپىدىكى سېلىشتۇرمىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا %18.2، %37 ۋە %38.3 نى ئىگىلىگەن.

3. كەسىپلەر بويىچە ئايرىپ قارىغاندا دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپى ئاساسلىقى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپى بىلەن ئالاقە ـ خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ ئىككى كەسىپ باشقا كۆرسەتكۈچلەر بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدا %50 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. OECD تەشكىلاتى بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە ئاساسلانغاندا يۇقىرى تېخنىكا كەسپى ئالتە چوڭ كەسىپكە ئايرىلىدۇ، ئۇلار ئايروپىلان-ئاۋئاتسىيە زاپچاسلىرىنى ياساش كەسپى، ئىش بېجىرىش ۋە ھېسابلاش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپى، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ياساش كەسپى، ئىلمىي ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسىپلىرىدىن ئىبارەت. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، 1995-يىلى دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسىپلىرى ئاساسلىقى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپى بىلەن خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، يۇقىرى تېخنىكا كەسىپلىرىدىكى ھەرقايسى كۆرسەتكۈچلەر بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدا %50 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپىدىكى كارخانىلار سانى 20 مىڭغا يېقىن

بولۇپ، بۇ كەسپتىكى خادىملار 3 مىليون 159 مىڭ، ياراتقان قىممىتى 60 مىليارد 380 مىليون يۈەن، ياراتقان باج پايدىسى 17 مىليارد 630 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتكۈل يۇقىرى تېخنىكا كەسپىدىكى سېلىشتۇرمىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا % 48.6، %39، %34.7 ۋە %34.4نى ئىگىلىگەن، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپىدىكى كارخانىلار 7 مىڭ بولۇپ، بۇ كەسپتىكى خادىملار 1 مىليون 836 مىڭ، ياراتقان قىممىتى 54 مىليارد 320 مىليون يۈەن، ئاشۇرغان باج پايدىسى 17 مىليارد 350 مىليون يۈەن بولۇپ پۈتكۈل يۇقىرى تېخنىكا كەسپلىرىدىكى سېلىشتۇرمىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا %17.8، %22.7، %31.2 ۋە %33.9 نى ئىگىلىگەن.

**ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر.**

1. پەن-تېخنىكا سېلىنمىسى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەيۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپىنى باشقا سانائەت تارماقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارا جەھەتتىن قارىغاندا پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن. OECD تەشكىلاتى 1980-يىلى ئېلان قىلغان ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا OECD دۆلەتلىرىنىڭ 1980-يىلى ئايروپىلان، ئاۋىئاتسىيە ياساش كەسپىگە ئاجراتقان R&D سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى (R&D سېلىنمىسى مەھسۇلاتىنىڭ كۆپەيگەن قىممىتىدىن ئىگىلىگەن نىسبىتى) %22.7، ئىشخانا ۋە ھېسابلاش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپىگە ئاجرىتىلغان R&D سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى %17.5، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپىگە ئاجرىتىلغان R&D سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى %10.4، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك كەسپى بىلەن ئىلمىي ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپىگە ئاجرىتىلغان R&D سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى %4.8، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپىگە ئاجرىتىلغان R&D سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى %4.4 بولغان. ئەمما ئۈچىنچى قېتىملىق مەملىكەت بويىچە سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىگە ئاجراتقان R&D سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپى بىلەن مەدەنىيەتكە دائىر ماشىنىسازلىق كەسپىدە ئەڭ يۇقىرى بولسىمۇ، R&D سېلىنمىسىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا ئىگىلىگەن نىسبىتى %3كىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ OECD دۆلەتلىرىنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن. يۇقىرى تېخنىكا كەسپى بىر خىل سېلىنمىسى يۇقىرى، خەۋپ-خەتىرى زور، پايدىسى كۆپ، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش تېز بولىدىغان كەسىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقاندىلا، كەشىپ قىلغاندىلا ئاندىن قەد كۆتۈرگىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپى ئومۇمىي جەھەتتە يەنىلا دەسلەپكى قەدەمدە تۇرۇۋاتىدۇ. كۆپلىگەن كەسپلەر تېخنىكا كىرگۈزۈش بىلەنلا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىغا ئېتىبار بېرىلمەيۋاتىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىدە ئەگەر R&D سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقىنى ئاشۇرۇشقا، قوبۇل قىلىشقا، تېخنىكا يېڭىلاشقا، كەشپىيات يارىتىشقا دىققەت قىلمىغاندا بازار ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن رىقابەتلىك قايىنىمىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

2. يۇقىرى پايدا ئېلىش ئەۋزەللىكى روشەن ئەمەس، رىقابەتلىشىش كۈچى تۆۋەن. يۇ-

قىرى تېخنىكا كەسپى ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە: سېلىنمىسى يۇقىرى، خەۋپ - خەتىرى چوڭ، ئېرىشىدىغان پايدىسى كۆپ؛ ئەمما ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىدە يۇقىرى پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىيىتى روشەن ئەمەس. 1995-يىلى دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىدە بارلىق ئامىللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 7.2 بولۇپ، ئومۇمىي سانائەتتىكى ھەممە ئامىللارنىڭ ئۈنۈمدارلىقى بولغان 6.8 دىن سەل يۇقىرى تۇرغان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 22 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتۈن سانائەتتىكىدىن سەل يۇقىرى بولسىمۇ ئەمما روشەن ئەمەس. 1995-يىلى يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى 24.7% بولۇپ، پۈتكۈل سانائەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرغاندىمۇ تۆۋەن تۇرغان.

بۇ خىل ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىگە ئاجرىتىلغان پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ سىجىللىقى يېتەرلىك ئەمەس. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز زور مىقداردا ئىلغار تېخنىكىلارنى، ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇردى، ھەممە دەسلەپكى كۆلەمنى شەكىللەندۈردى. ئەمما ھەزىم قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە مۇستەقىل پەن - تەتقىقات، ئېچىۋېتىش سېلىنمىسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنىڭ سەۋىيىسىنى چەكلەپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىگە بولغان پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسپىنى خەلقئارادا رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## ئەزەربەيجاننىڭ نېفىت - تەبىئىي گاز ئېچىش مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى

ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى ئېلان قىلغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1997-يىلى 9-ئايدا ئەزەربەيجاننىڭ نېفىت قېزىش مىقدارى شۇ يىلى 8-ئايدىكىگە قارىغاندا 3.3% (748 مىڭ 700 توننا)، تەبىئىي گاز قېزىش مىقدارى 2.5% (476 مىليون كۇب مېتىر) ئازىيىپ كەتكەن. 9-ئايدا تاماملانغان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قېزىش مىقدارى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پىلاننىڭ 100.6% ۋە 89% بولغان. 1997-يىلى 9-ئايدىكى نېفىتنىڭ قېزىلىش ئومۇمىي مىقدارى 6 مىليون 746 مىڭ توننا بولۇپ، 1996-يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 672 مىڭ توننا ئازايغان؛ تەبىئىي گازنىڭ قېزىلىش ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليارد 498 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 1996-يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 200 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر ئازايغان. 1997-يىلى ئەزەربەيجان 9 مىليون توننا نېفىت قېزىشنى پىلانلىدى. 1996-يىلى نېفىتنىڭ قېزىلىش مىقدارى 9 مىليون 100 مىڭ 324 توننا بولغان. (01)

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېفىت ئىران ئارقىلىق سىرتقا توشۇلۇشى مۇمكىن

نېفىت مۇتەخەسسىسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېفىت ئېكسپورت قىلىۋاتقان دۆلەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارغا ئاساسەن نېفىتنى ئىران ئارقىلىق سىرتقا توشۇش لىنىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا نېفىت ئېكسپورتىدىكى ئەڭ قولايلىق يول ئىكەنلىكىنى ئاخىرى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭغا پەقەت ئىرانغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئامېرىكىلا قارشى پوزىتسىيىدە بولماقتا.

قازاقىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا نېفىت تۇرۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇش ۋە قازاقىستاننىڭ 9 مىليارد 500 مىليون دوللار قىممىتىدىكى نېفىتنى سىرتقا يۆتكەش كېلىشىمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېفىت ئېكسپورت مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم پۈتۈن دۇنيادىكى نېفىت مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسلىرى دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ كېلىشىمنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى ـ كەلگۈسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى 250 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نېفىت لىنىيىسى ياتقۇزۇشتىن ئىبارەت.

نېفىت ھەپتىلىك ژۇرنىلى «ئېنېرگىيە قىبلىنامىسى» غەربلىك بىر تەھلىل قىلغۇچىنىڭ ئىران ئارقىلىق ئۆتىدىغان نېفىت لىنىيىسى ئەڭ قولايلىق ۋە ئەڭ تېجەشلىك يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ يولدىكى توسالغۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن. ھالبۇكى بۇ تەھلىل قىلغۇچى يەنە، بۇ ئانچە چوڭ توسالغۇ بولالمايدۇ، ھەممەيلەن ھەرقانداق دۆلەت ياكى شىركەتنىڭ ئامېرىكىنىڭ بېسىمىغا قارىماستىن تۈنجى بولۇپ ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتمەكتە، دەپ قارىغان. بۇ ھەپتىلىك ژۇرنالدا، شەك-شۈبھىسىزكى جۇڭگو بۇ لايىھەنى يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا ۋە جاسارىتىگە ئىگە، دەپ قارالغان.

قازاقىستان بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا نېفىت تۇرۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇش لايىھەسى ئۈستىدە توختالغاندا، «ئېنېرگىيە قىبلىنامىسى»دا بۇ لىنىيىنىڭ پايدىلىق يېرى مۇساپىسىنىڭ قىسقا، تەننەرخىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىراندا يۇقىرى ئىقتىدارلىق مەخسۇس ئاپپاراتنىڭ بولغانلىقىدا، دەپ قارالغان.

«ئېنېرگىيە قىبلىنامىسى» ژۇرنىلىدا نۆۋەتتە تۈركمەنىستاندىن ئىراننىڭ كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى نىكو ئېلېكتر ئىستانسىسىغىچە تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ بولغانلىقى، بۇنىڭدىن سىرت، نىكو ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن تېھران نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغىچىمۇ تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيىسى بارلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. ئىران كەلگۈسىدە بۇ لىنىيىنى نېفىت لىنىيىسىگە ئۆزگەرتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان، ئەلۋەتتە خىراجەت بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ «ئېنېرگىيە قىبلىنامىسى»دا قازاقىستاندىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىتنىڭ ئىران تەبرىز نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا يەتكۈزۈلۈشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن، دەپ پەرەز قىلىنغان.

«ئېنېرگىيە قىبلىنامىسى»دا يەنە ئىران

نېفىت شىركىتىنىڭ تۇرۇبا لىنىيىسىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بارمۇ-يوق دېگەن مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىغان. بۇ ژۇرنالدا ئالاقىدار تەرەپلەردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن مۇنداق كۆرسىتىلگەن، ئىمبارگو يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئىران ئورغۇن جەھەتتە ئۆزىنى-ئۆزى قامداشقا مەجبۇر بولغان، بۇ نېفىت لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە بۇ جەھەتتە خېلى يۇقىرى تېخنىكا سەۋىيىسىگە يەتكەن. يېقىنقى 10 يىل مابەينىدە، ئىراننىڭ تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇش خادىملىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن تۇرۇبا لىنىيىلىرىنى پۈتتۈرگەن؛ بۇنىڭدىن سىرت، ئىراننىڭ ئاخۋز شەھەرلىك پولات تاۋلاش زاۋۇتى دىئامېتىرى 145 سانتىمېتىرلىق پولات تۇرۇبا ئىشلەپ چىقارغانلىقتىن، تۇرۇبا ماتېرىيالىنى ئىمپورت قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان.

«ئېنېرگىيە قىبلىنامىسى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، جۇڭگو، ئىران، قازاقىستان ۋە تۈركمەنىستاندىن ئىبارەت 4 دۆلەت شىركەتلىرى خەلقئارا مالىيە تەشكىلاتى بولۇپ تەشكىللەنگەن، ھەممە يۇقىرىقى لايىھىنى يولغا قويماقچى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تۈرگە سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمىنى جۇڭگو بىلەن ئىران ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئىراننى ۋاستە قىلىش نۇۋەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا نېفىت ئېكسپورتىدىكى بىردىن-بىر قوللىنىشقا تېگىشلىك لايىھە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ موبىل نېفىت شىركىتى ۋە باشقا نېفىت شىركەتلىرى ئىراندىن ئۆتىدىغان نېفىت توشۇش مەسىلىسىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ياپونىيىنىڭ Toman شىركىتىگە ھاۋالە قىلغان، لېكىن بۇ ئىش ھەققەتەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گېزىنى ئىران ئارقىلىق تۈركىيەگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى توسماسلىقنى جاكارلىغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەردىن كېيىن يۈز بەرگەن. (04)

---

(بېشى 28 ـ بەتتە)

ئۇچ قۇدۇق ئالتۇن پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى تۇنجى قېتىم 1996-يىلى ئىش باشلىغان بولۇپ، بۇ مەزكۇر زاۋۇتقا نافوي ۋە زەرەپشانغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش قارماقلىرىنى كۈچەيتىپ بەردى. ھازىر زاۋۇتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلۇشى «كانچىلىق مېتاللورگىيە زاۋۇتى ـ 3» پروگراممىسى تەبيارلىق باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ پروگراممىا كوكپاتاس ۋۇلكانىزاتسىيە كانىنىڭ ئورنىنى تولتۇپ تۇرماقتا. بۇكاندا ساقلىنىۋاتقان رۇدا مىقدارى 200 مىڭ توننىغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئامېرىكا سودا ۋە تەرەققىيات ۋەكالەت ئورنى بىلەن Intertec Engencering شىركىتى نافوي مېتاللورگىيە شىركىتىگە 9 مىليون 240 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلدى.

يېقىندىلا ئۆزبېكىستاننىڭ ”دوستلۇق ئوردېنى“غا ئېرىشكەن كوچېرىسكى شىركىتىنىڭ ئالتۇن قېزىش مىقدارى كەلگۈسى 40 يىل ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ بىرھەسسە ئاشىدۇ. مولۇنتاۋ ئالتۇن كانى 1996-يىلى 99.99% لىك ساپ ئالتۇندىن 55 توننا ئىشلەپچىقاردى. ئۆزبېكىستان ـ ئامېرىكا شېرىكلىشىپ قۇرغان «زەرەپشان ـ نيومانت» شىركىتى 10 توننىدىن كۆپ قىممەت بويۇملۇق مېتالغا ئېرىشتى. بۇ شىركەت قىزىلقۇم كانىنىڭ مەركىزىدىكى ئۇنۇمسىز كان قاتلىمىدا قېزىش ئېلىپ باردى. (01)

# قازاقىستان دورا ماتېرىياللىرى كومپيۇتېر ئۇچۇر مەركىزى قۇردى

كۆپ مىقداردىكى دورا ماتېرىياللىرى قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىنىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئورغۇنلىغان دورا ماتېرىياللىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بولسا ئىنتايىن كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قازاقىستاندىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل سابىق سوۋېت رايونىدا مەۋجۇت.

نۆۋەتتە، دورا ماتېرىياللىرى ئىشلىرىنى كونترول قىلىش بارغانسېرى تەسلىشىۋاتىدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ياۋروپا تارماق ئىدارىسى بۇ نۇقتىنى ئالدىن كۆرۈپ، قازاقىستان سەھىيە مىنىستىرلىكى دورا ماتېرىياللىرى ۋە داۋالاش ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش مەھكىمىسىگە بىر كومپيۇتېر ئۇچۇر مەركىزى قۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق بارلىق دورا ماتېرىياللىرى ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان كۈتۈپخانىلارغا كىرەلەيدۇ. شۇنداق قىلغاندا كىشىلەر ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان ئۇچۇرلارغا، مەسىلەن: دورىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارغا ئاسانلا ئېرىشەلەيدۇ.

دورا ماتېرىياللىرى ۋە داۋالاش ئەسۋاب — ئۈسكۈنىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش مەھكىمىسى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ياۋروپا تارماق ئىدارىسى ئاجرىتىپ بەرگەن 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، كومپيۇتېر ئۇچۇر مەركىزى خىزمەتنى باشلىۋەتتى. دورا ماتېرىياللىرى ۋە داۋالاش ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى كېنىسبېك. ئابدۇللىن «سودا ھەمپىتلىك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرىغا مەزكۇر مەركەزنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

— قازاقىستان تەۋەلىكىدە ھازىر 3000 دىن ئارتۇق دورا دۇكانلىرى ۋە 100 دىن ئارتۇق دوختۇرخانىلار بولۇپ، بۇ دورا دۇكانلىرى ۋە دوختۇرخانىلار سۈپەتلىك ئىشەنچلىك دورا ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللىقاچان تىزىمغا ئالدۇرغان دورا ماتېرىياللىرى، داۋالاش ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلىرى، دوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان بويۇملار، ئىممونىتلىق بىئولوگىيە ياسالمىسى، يېمەكلىك خۇرۇچى، داۋالاش يېمەكلىكلىرى ۋە داۋالاپ ھۆسۈن تۈزەش بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇق. قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىنگەن دورا ماتېرىياللىرىنىڭ مىقدارى، تۈرى ۋە باھاسى بىزگە ئايان، بىزمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىلا ۋەزىيەتنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. بۇ كومپيۇتېر ئۇچۇر مەركىزىنى ئەڭ ياخشى دورا ئامبىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئۇ قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داۋالاش ۋە ساقلىق ساقلاش مۇتەخەسسىسلىرى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان.

— ھەرقانداق دورا ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىمپورت-ئېكسپورت پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىپ، دورا ياسايدىغان كارخانىلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىر دورا زاۋۇتى بار

بولۇپ، بىز ئۇنى قازاقىستاندا دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ئاسپىرىن ئىشلەپچىقارغان بولسا، ئۇ ھالدا قوشنا دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۇنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەڭ ياخشىسى باشقا دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك. بۇ كومپيۇتېر ئۇچۇر مەركىزى ئارقىلىق بىز دورا ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەتقىق قىلىپ ياساشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. ھازىر دۇنيا بازارلىرىدا ساختا ۋە ناچار ماللار ئاز ئەمەس. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى باش شتابى بەزىدە بۇ خىلدىكى ئىشنىش تەس بولغان مەلۇم تۈردىكى ياسالمىلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان باھالاشنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ بارلىق دورا زاۋۇتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەيدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى.

- مەسىلەن ئانالگىندىن ئىبارەت بۇ دورىنى ئالساق، دورا ماتېرىياللىرى ۋە داۋالاش ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش مەھكىمىسى ئانالگىنغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇچۇرلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېسابلىدى، چۈنكى ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى، ئەكس تەسىرى تېخىمۇ كىچىك بولغان ئوخشاش تۈردىكى دورا ئاللىقاچان بارلىققا كەلدى. بۇ مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇچۇر بىزنى ئادەتلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى دورىلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ، كېيىن كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، غەرب دۆلەتلىرى 40-يىللاردىلا ئانالگىننى ئىشلىتىشنى توختاتقانىدى.

- بىزنىڭ دورا بازىرىمىزدا ئەمدى ئانالگىن بولمايدۇ، چۈنكى دورا ماتېرىياللىرىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى دورا ماتېرىياللىرى ۋە داۋالاش ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ئانالگىنغا ئوخشاش ئەھۋاللار ئاز ئەمەس، شۇڭا بىزنىڭ ئۇچۇرلىرىمىز ئىنتايىن قىممەتلىك. دورا زاۋۇتلىرى بىزنىڭ مەلۇم خىل ياسالمىنى تېزىمغا ئېلىشنى رەت قىلغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى تېلېفون ئارقىلىق سورۇشتۇرسا، بىز دەرھال شۇ خىل ياسالمىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يىغىپ توپلاپ، فاكس ئارقىلىق بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دورا زاۋۇتلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىمىز. مانا بۇ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ياۋروپا تارماق ئىدارىسى بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپە. بىز كومپيۇتېر ئۇچۇر مەركىزىدىن پايدىلىنىپ، فارماكولوگلار ۋە دورىگەرلەرنىڭ دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلەيمىز.

**مۇكەررەم نامەت(ت)**

**************************************

(بېشى 44 - بەتتە)

بۇ بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆزبېكىستاننىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلىرى ئىچىدە سالمىقى ئەڭ چوڭ بولغىنى پاختا (33.7% نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، ئىمپورت تاۋارلىرى ئىچىدە سالمىقى ئەڭ چوڭ بولغىنى ماشىنا ۋە ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەردۇر (47.2% نى ئىگىلەيدۇ).

1996-يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشقى سودا سوممىسى 9 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1995-يىلىدىكىگە قارىغاندا 40% ئاشقان، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. (03)

# قازاقستان ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئالالمىغان بولسىمۇ ئاشلىقى كەم بولمىدى

قازاقستان ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئاشلىق مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېكولوگىيە ۋە بىئولوگىيە بايلىق مىنىستىرلىكى گىدرو مېترولوگىيە ۋە تەبىئەتنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاتامۇرات. شاھىننى زىيارەت قىلدى، زىيارەتتە تۆۋەندىكىلەر سۆزلەندى:

قازاقستاننىڭ 1997-يىلىدىكى ھاۋارايى شارائىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى شارائىتى نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى. شىمالىي رايونلاردىكى بەزى يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرى دانلىق زىرائەتلەرنى 97-يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرى 5-ئاينىڭ باشلىرى تېرىشقا باشلىغان بولسىمۇ لېكىن زىرائەت تېرىلىپ بولغاندىن كېيىنلا ھاۋا سوۋۇپ كەتكەنلىكتىن، زور كۆلەمدىكى تېرىش خىزمىتى 5-ئاينىڭ ئاخىرى باشلىنىپ 6-ئاينىڭ باشلىرى تاماملاندى. 6-ئايدا شىمالىي رايوندىكى بىر قىسىم جايلاردا ھۆل-يېغىن ئاز بولغانلىقتىن ھاۋا قۇرغاق بولدى، لېكىن شىمالىي قازاقستان ئوبلاستىنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۇۋاپىق بولۇپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىمۇ ياخشى بولدى، غەربىي رايون، ئوتتۇرا رايون ۋە شەرقىي رايونلارنىڭ ئەھۋالى ناچار بولدى. قارىغاندا، شەرقىي قازاقستاننىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرى ۋە پاۋلودارنىڭ بەزى رايونلىرىدا بۇغدايىنىڭ دان تۇتۇش مەزگىلى قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا ماس كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن باش چىقىرىش ۋە چېچەكى تۈزۈش مەزگىلىنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىدى.

ئەمما دانلىق زىرائەتلەرنى ئاساسەن قوستاناي، شىمالىي قازاقستان، غەربىي قازاقستان ۋە ئاقتۆبەدىكى بىر نەچچە ئوبلاستلارغا تېرىش مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالى ئومۇمەن ياخشى، بولۇپمۇ غەربىي قازاقستاندىكى بەزى رايونلاردا سۇ مول. شۇڭا ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا 1997-يىلى ئاشلىقتىن ئېلىنغان ھوسۇل ئالدىنقى ئىككى يىلغا قارىغاندا ياخشى.

قازاقستان گىدرو مېترولوگىيە تەتقىقات ئورنى قازاقستاندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۈستىدە مېترولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان بىردىن - بىر ئورگان بولۇپ، بۇ ئورگان ھەر قايسى رايونلاردىكى گىدرو مېترولوگىيە كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا 1997-يىلى دانلىق زىرائەتنىڭ بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىن 800 كىلوگرام، يازغى ئارپىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 950 كىلوگرام، شىمالىي قازاقستان ئوبلاستىنىڭ يازغى بۇغداي مەھسۇلات مىقدارى ھەر گېكتار يەردىن 1000-2000 كىلوگرام بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قوستاناي ئوبلاستى ھەر بىر گېكتار يەردىن 700-900 كىلوگرام، ئاقتۆبە ئوبلاستى 600-800 كىلوگرام، ئاقمولا ۋە پاۋلودار ئوبلاستلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 500-700 كىلوگرام ۋە 400-600 كىلوگرام ھوسۇل ئالدى. (01)

# ئۆزبېكىستان ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى تەڭشىدى

ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مەزكۇر دۆلەت 1997-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ، بىر قاتار كارخانىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئەمگەك ۋە مۇلازىمەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى ۋە ئېكسپورت ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى تەڭشىدى.

زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ مېتال پۇلغا ئالماشتۇرىدىغان كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىش بەلگىلەندى.

زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كارخانىلار بىۋاستە ئېكسپورت قىلالايدۇ ھەمدە بۇندىن ئىلگىرى بەلگىلەنگەن 15% لىك ئالدىن تۆلەش ھەققىنى ۋە ئىناۋەتلىك دوكۇمېنت يېزىپ بېرىش ھەققىنى تاپشۇرمايدۇ، بۇ بەلگىلىمە سودىدىكى ۋاستىچى شىركەت ۋە خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلارغا ماس كەلمەيدۇ. بۇ خام ئەشيالار رەڭلىك مېتال، قىممەتلىك مېتال، قارا مېتال پروكاتى، نېفىت، تەبىئىي گاز، پاختا ۋە پاختا تالاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىدا، ئەگەر مەلۇم كارخانىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 30% ى ۋە 30% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىسە، ئۇ ھالدا ئېلىنىدىغان پايدا ۋە باج ھازىرقىدىن 50% تۆۋەن بولىدۇ، دېيىلگەن.

زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىدا يەنە 1998-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ مېتال پۇلغا ئالماشتۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىستېمال بېجى ۋە قوشۇلما قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

«ئېكسپورت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدىغان تاۋارلار (ئەمگەك كۈچى. تاۋار ۋە مۇلازىمەت تاۋارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قوشۇمچە چارىلەرگە دائىر زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى»دا يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار تاشقى سودىدا چەكلىمىگە ئۇچراشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئېكسپورت پائالىيەتلىرىدىكى باج ئېلىش ئۇسۇلى ۋە ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھازىر ئۆزبېكىستان تاشقى ئىقتىساد ئالاقە مىنىستىرلىكى 6000 دىن ئارتۇق ئىمپورت-ئېكسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىنى تىزىملاپ بولدى.

ئۆزبېكىستان تاشقى ئىقتىساد ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ ماتېرىيالىغا قارىغاندا، 1997 - يىلىنىڭ ئالدىنقى 6 ئېيىدا مەزكۇر دۆلەتنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. (ئاخىرى 42 - بەتتە)

# روسىيىلىكلەر ئاچچىق-چۈچۈك شاكىلاتنى ياخشى كۆرىدۇ

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، غەربتە ئىشلەپچىقىرىلغان قەن-گېزەكلەر مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ 50% بازارلىرىنى ئىگىلەيدىكەن. روسىيىلىكلەر ھەر يىلى 1 مىليون توننا قەن-گېزەككە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇنىڭ يېرىمىنى شاكىلات ئىگىلەيدۇ، شاكىلات، قەن-گېزەك بازارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

1991-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن غەربتىكى شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تاتلىق يېمەكلىكلىرىنى روسىيە بازارلىرىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشتى، 1992-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا روسىيە بازارلىرىنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلىدى، لېكىن ئۇندىن كېيىنلا، كىشىلەرنىڭ ئىمپورت قىلىنغان قەن-گېزەكلەرگە بولغان قىزىقىشى قاندۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىمپورت قىلىنغان تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 30% كە چۈشۈپ قالدى. ئۆزلىرىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، غەربتىكى شىركەتلەر روسىيىدە يېڭى قەن-گېزەك زاۋۇتلىرىنى قۇرۇشقا ۋە يەرلىك خوسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويغان كارخانىلارنىڭ پايسوممىسىنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى.

روسىيىدە قەن-گېزەك ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مەھسۇلات باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، مال بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىمۇ قىسقاردى. ئۆزلىرىنىڭ نامۇۋاپىق زىيان تارتىشىدىن ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چەت ئەل شىركەتلىرى روسىيىدە پەقەت غەربلىكلەر ياخشى كۆرىدىغان قەن-گېزەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماي، يەنە روسىيىلىكلەر ياخشى كۆرىدىغان مەھسۇلاتلارنىمۇ ئىشلەپچىقارماقتا.

چەت ئەلنىڭ مارس قەن-گېزەك شىركىتى 1996-يىلى 5-ئايدا موسكۋاغا يېقىن ستۇپىنو شەھىرىدە يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 70 مىڭ توننىغا يېتىدىغان زامانىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى قەن-گېزەك زاۋۇتىنى قۇردى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي كېيىنلا يەنە بىر چەت ئەللىك نوۋگورود شەھىرىدە يېڭىدىن قەن-گېزەك زاۋۇتىنى قۇرۇشقا باشلىدى. روسىيىلىكلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئاچچىق-چۈچۈك شاكىلاتتىن ئەنئەنىۋىي قەن-گېزەك ياساشقا باشلىغاندا، بۇ ئىككى زاۋۇتمۇ غەربنىڭ تاتلىق سۇتلۇك شاكىلاتىغا ئوخشاش بولمىغان قەن-گېزەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

زىياننى تولۇقلاش ئۈچۈن، نېستلېلىق شىركىتى سامارادىكى بىر قەن-گې-

زەك زاۋۇتىنى سېتىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزى يېڭىدىن قۇرغان زاۋۇتقا قوشۇپ ئاتاقتا «روسسىيىنىڭ» بولغان قەن-كېزەك شىركىتى قىلدى، ھازىر مەزكۇر شىركەت بۇ يېڭى ئىسمىنى كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئۈچۈن تىرىشماقتا.

چەت ئەل سودىگەرلىرى يەرلىك خەلقنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان مەھسۇلاتلارنى داۋاملىق تەگشىمەكتە. مەسىلەن: سادبۇرۇ شىركىتى ئۆزلىرى قۇرغان زاۋۇتتا شاكىلات تەملىك پېچىنىنى ئىشلەپچىقارسا، مارىس شىركىتى روسسىيىلىكلەر ياقتۇرۇپ يەيدىغان شاكىلات كەمپۈتنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، لېكىن كىشىلەر يەنىلا سنىكېرس شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، روسسىيىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ شۇ يەرلىك بىرقەدەر نامى چىققان قەن-كېزەك زاۋۇتلىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. روسسىيە ئىمپورت سودا بانكىسى روسسىيىدىكى ئىككىنچى چوڭ قەن-كېزەك پىرەنىك زاۋۇتى —— موسكۋا قەن-كېزەك پىرەنىك زاۋۇتىنىڭ كونترول پېيىنى سېتىۋالدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە چىليابىنسكى ۋە يېڭى سىبىرىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ كىچىك تىپتىكى قەن-كېزەك زاۋۇتلىرى بار. بۇكىچىك زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى ئىمپورت سودا بانكىسى ۋە موسكۋا قەن-كېزەك پىرەنىك زاۋۇتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى پايىنى كونترول قىلىش شىركىتىگە ئەزا بولدى ۋە روسسىيىنىڭ %20 بازىرىنى ئىگىلىدى. (01)

## ئۆزبېكىستان ھاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ مەخسۇس تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى يولغا قويماقچى

ئۆزبېكىستان ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنىڭ دۆلەتلىك مەخسۇس تىجارەت قىلىش تۈزۈمىنى بولغا قويماقچى. زۇڭتۇڭ كېرىموفنىڭ بۇيرۇقىدا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتى تارقاتقان مەخسۇس تىجارەت قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئىگە شىركەتلەر (چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەيلى ئۇنىڭ مۈلۈكچىلىك شەكلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئىچىملىك، ئىسپىرت ۋە باشقا ئىسپىرت تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىلدى.

مەزكۇر زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىدا يەنە ئىسپىرت تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار سودىسىدا يەرلىك باجدىكى ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى بېكىتىلگەن. مۆلچەرلىنىشىچە، مەزكۇر زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خامچوتىغا يۈز مىليوندىن كۆپ ئامېرىكا دوللىرى تولۇقلاپ تۇرۇلىدىكەن. (03)

# پۈتۈن دۇنيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئالتۇن زاپىسى ۋە مەھسۇلاتى

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېساباتىدىن قارىغاندا پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنسانلار قازغان ئالتۇننىڭ مىقدارى 120 مىڭ توننا بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭدىن 15 ئۇيۇل توپ قۇيسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 23 مېتىر بولىدۇ.

14 مىڭ يىل مابەينىدە كىشىلەر يوقاتقان ئالتۇن ئۇلار قازغان ئالتۇننىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %10 ىگىمۇ يەتمەيدۇ.

مۆلچەرلەرگە قارىغاندا 38ـ39 مىڭ توننا ئالتۇننى دۆلەتنىڭ زاپاس مەبلىغى سۈپىتىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ساقلاۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 28ـ30 مىڭ توننا ئالتۇن خۇسۇسىي مەبلەغ سۈپىتىدە شەخسلەرنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقى ۋە كىچىك ساقلاش ئۆيلىرى قاتارلىق مەخپىي جايلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ. پەقەت 40ـ42 مىڭ توننا ئالتۇنلا ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، يەنى ئۇنىڭدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت زىننەت بۇيۇملىرى، يالغان چىش قاتارلىقلار ياسىلىۋاتىدۇ.

تارىختىن بۇيان كىشىلەر ئالتۇننى سىرلىق سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ماددىي قىممەتنى ئۆلچەشتىكى ئۆلچەم قىلىشى پەقەت ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ئاز ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئالتۇننىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن قېزىپ چىقىلغان ئالتۇن پاقىراقلىقىنى قىلچە يوقاتمىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالتۇن ۋە ياقۇت زاپىسىغا دائىر تارقىلىپ يۈرگەن خەۋەرلەر ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. قازاقىستان ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولغاچقا، كەلگۈلۈك ھەممىدىن ئاۋال شۇنىڭغا كەلدى. پادىشاھ پېتىر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىسنىڭ كۆپ مىقداردا ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇ ساھەلەرنى ئىگىلىۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوراللانغان تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تەشكىللىدى. روسىيە بويسۇندۇرغۇچىلىرى ئوت ۋە قىلىچ بىلەن ئالتاي ۋە ئېرتىش دەريا ۋادىلىرىدا مۇھىم قورۇللارنى قۇردى، ھەمدە ئالتۇن، كۈمۈش، مىسنى قېزىش ۋە تاۋلاش سانائىتىگە ئاساس سالدى. ئەمما ئەينى چاغدا ئاساسلىقى كۈمۈش بىلەن مىس قېزىلاتتى ۋە تاۋلىناتتى، تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30ـيىللىرىنىڭ دەسلىۋىگە قەدەر ئالتۇننى قېزىش ۋە تاۋلاش مۇھىم ئورۇندا تۇرالمىغانىدى. قازاقىستاننىڭ ئالتۇن قېزىشنى سانائەتلەشتۈرۈشى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان مەزگىلدە باشلانغان بولۇپ، گەرچە ئۇرال، سىبىرىيە رايونلىرىدا مول ئالتۇن زاپىسى بولسىمۇ، لېكىن قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ ئالتۇنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

تەبىئىيكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قېزىلغان ۋە تاۋلانغان ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى روسىيىگە توشۇلاتتى. شۇڭا روسىيىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالتۇن زاپىسىدا تۇتقان ئورنىنى چۈشىنىپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ.

روسىيە پۈتۈن دۇنيادىكى يەر ئاستىدىن قېزىلغان ئالتۇن مىقدارىنىڭ 1/10 نى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ساقلاش جەھەتتە ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدۇ. قۇيما ئالتۇننىڭ دۇنياۋى باھاسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 20 ھەسسىگە يېقىن ئۆستى، بۇنىڭ سەۋەبى پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئالتۇن بىلەن ئۆلچەنمەيدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالتۇنغا بولغان ئېھتىياجمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سىرتقا داۋاملىق كۆپ مىقداردا ئالتۇن سېتىپ تۇردى.

چارروسىيە دەۋرىدە ئالتۇن زاپىسى ئەڭ كۆپ بولغان 1915-يىلى، ئالتۇننىڭ زاپاس مىقدارى 1337.9 توننا بولۇپ، 1953-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتۇن زاپىسى 2049.8 توننا ئىدى، 1991-يىلىغا كەلگەندە بولسا 240 توننا بولۇپ، 1992-يىلى 210 تونىنغا چۈشتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن زاپىسى يوق ئىدى. ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى 70 توننا ئەتراپىدا. قازاقىستاننىڭ بولسا 10 توننا ئەتراپىدا بولۇپ، دۇنيادىكى ئالتۇن چىقىدىغان دۆلەتلەر ئارىسىدا 17-ئورۇندا تۇرىدۇ. (03)

# گوركى ئاپتوموبىل زاۋۇتى يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقاردى

گوركى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتى پاي شىركىتى ئامېرىكا ۋانتېر قۇرۇلۇش شىركىتى ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ مىراد قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل «گاس-3111» نى بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كېلىشىمىنى تۈزدى. گوركى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتىنىڭ ۋەكىلى بۇ خىل يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل 1999-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ، دېدى.

گوركى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتى پاي شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى كانناكى. سوۋوروۋ رۇتېر ئاگېنتلىقىغا: "مەن ۋاقىتىنچە مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن گوركى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتى بۇ چەت ئەل شىركەتلىرىگە ھەق بېرىدۇ" دېدى.

كانناكى. سوۋوروۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ ئاخىرقى خىزمەت ھۆججىتى 2-3 ھەپتە ئىچىدە ئىمزالىنىدىكەن. گوركى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ۋانتېر شىركىتى بىلەن مىراد شىركىتى ئاپتوموبىل كوزۇپى، ھاۋا ئۆتتۈشۈش سىستېمىسى ۋە بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى لايىھىلەيدىغانلىقىنى، «گاس-3111» تىپلىق ئاپتوموبىلنىڭ باشقا زاپچاسلىرىنى لايىھىلەشنى بولسا گوركى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

سوۋوروۋنىڭ ئېيتىشىچە، «گاس-3111» تىپلىق ئاپتوموبىلنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن، زاۋۇت بىرقەدەر يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇراشتۇرۇش، كەپشەرلەش ۋە سىرلاش سېخىنى يېڭىدىن قۇرۇش كېرەككەن. مۆلچەرلىنىشىچە، «گاس-3111» تىپلىق ئاپتوموبىلنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 100 مىڭغا يېتىدىكەن. بۇ خىل يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل «گاس-3110» تىپلىق ئاپتوموبىل بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەپ چىقارملىقچى. سوۋوروۋ: "بازارنىڭ ئېھتىياجى بولىدىكەن، بىز «گاس-3110» تىپلىق ئاپتوموبىلنى داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىمىز" دېدى.

1997-يىلى 1-ئايدىن 9-ئايغىچە گوركى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتى جەمئىي 162 مىڭ 780 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغان بولۇپ، 1996-يىلى ئوخشاش مەزگىلدە بولسا 154 مىڭ 393 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغانىدى. (03)

# تېلېگراف شىركىتى ئابونتلارنىڭ بىرئاي ئاۋال ھەق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى

1997ـيىلى 7ـئاينىڭ 17ـكۈنى «قازاقىستان ھەقىقەت گېزىتى» «قازاقىستان تېلېگراف چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتىنىڭ» ئالاقە مۇلازىمەت ھەققىنى تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى يېڭى بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلدى، مەزكۇر بەلگىلىمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: 1997ـيىلى 8ـئايدىن باشلاپ، شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون تورىنىڭ ئابونتلىرى تېلېفون ھەققىنى چوقۇم بىر ئاي ئاۋال تاپشۇرۇشى كېرەك، ئەگەر تېلېفون ئىشلىتىلىشكە باشلىغان شۇ ئاينىڭ دەسلەپكى ئۈچ كۈنى ئىچىدە بەلگىلەنگەن ئايلىق پۇل ئالدىن تاپشۇرۇلمىسا، تېلېفون سىمى ئۈزۈۋېتىلىدۇ. يېڭى بەلگىلىمە ئېلان قىلىنىپ توققۇز كۈندىن كېيىن قازاقىستان تېلېگراف چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى قايتا ئېلان چىقىرىپ؛ 8ـئايدىن باشلاپ پەقەت كوللېكتىپ ئورگانلارلا تېلېفون ھەققىنى ئالدىن تاپشۇرىدۇ، شەخسلەرنىڭ تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى ھېسابات قىلىش شەكلى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆزگەرمەيدۇ دېدى.

گەرچە يۇقىرىقىدەك ئېلان چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئاھالىلار ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭمۇ تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى ئاۋال تاپشۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

قازاقىستاننىڭ يېڭى باج ھېسابات قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مال سېتىش ۋە مۇلازىمەت باشلانغان ھامان باج ئېلىنىدۇ، مال ساتقۇچى گەرچە سېتىلىدىغان مالنىڭ پۇلىنى ئالالمىغان بولسىمۇ چوقۇم باج تاپشۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭدىن قارىغاندا، قازاقىستان تېلېفون چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى ئابونتلارنىڭ تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى ئاۋال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىمۇ ھەقلىق ئىكەن.

قازاقىستاننىڭ يېڭى باج ھېسابات قانۇنى ئالمۇتا شەھىرىدىكى تېلېگراف كارخانىلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. ئۇلار ئۇدا بىرنەچچە ئاي تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى يىغالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى يىغىلمىغان ھەق ئۈچۈن باج تاپشۇرۇپ كەلدى. بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇلارمۇ باشقا كارخانىلارغا ئوخشاش، يىل ئاخىرىدىن ئاۋال 1997ـيىلى 7ـئاينىڭ 1ـكۈنىدىن بۇرۇنقى نەق پۇل قانۇنى ھېسابات بېجىنىڭ پەرقلىق سوممىسىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشى، يىل ئاخىرىدىن ئاۋال يېڭى باج ھېسابات قانۇنىغا ئاساسەن بارلىق باجنى تاپشۇرۇپ تۈگىتىشى كېرەك. «قازاقىستان تېلېگراف چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى»نىڭ باش دىرېكتورى نىياز كۆلۈۋ: يېڭى باج ھېسابات قانۇنىنى ئىشلەتكەندە، 97ـيىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا كارخانىلارنىڭ چىقىمى 22ـ24 مىليون تەڭگە كۆپىيىدۇ دېدى. ئالمۇتا شەھىرىدىكى تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان چوڭ ئىش ـ مۇلازىمەت ھەققىنى تۆلەشكە قەرز بولۇپ قالغان %70 ئابونت دۆلەت ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ تېلېفون ھەققى تاپشۇرۇپ باقمىدى، تېلېگراف كارخانىلىرى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن، مەزكۇر ئابونتلارنىڭ تېلېفون لىنىيىسىنى ئۈزۈۋېتەلمىدى، تېلېگراف كارخانىلىرى بۇ ئورگانلاردىن تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى ئالالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىنمىغان ھەق ئۈچۈن ئوخشاشلا باج تاپشۇرۇپ كەلدى. يېڭى باج ھېسابات قانۇنى شەھەر تېلېفون تورىغا ئاپەت خاراكتېرلىق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، 150 مىليون تەڭگىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، تېلېگراف كارخانىسىدا پەقەت تېلېگراف ئىشلىرىنى نەرمىقىي قىلدۇرۇشقا مەبلەغ يوق بولۇپلا قالماي، يەنە نورمال خىزمەت ھالىتىنى ساقلاشقىمۇ ئىمكان قالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مالىيە بېسىمى بىلەن قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كېرمانىيىگە قەرز قايتۇرۇشىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە بېسىم بولدى. (01)

## «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، شۇنداقلا قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى خەۋەر قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ژۇرنىلىدۇر. ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارە تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر مۇشتىرى بولۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن بولسىڭىز مۇشتىرى بولۇش ھەققىنى بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40-نومۇر شىنجاڭ پەن-تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون نومۇرى: 3837994 ـ 0991

پوچتا نومۇرى: 80011

ئالاقىلاشقۇچى: مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى


# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى
قوش ئايلىق ژۇرنال

# 《中亚信息》(维吾尔文)
双月刊

主办单位:新疆维吾尔自治区科委
海宇国际集团
出版单位:新疆科技情报研究所
《中亚信息》杂志社
印　　刷:新疆科技报印刷厂
总发　行:乌鲁木齐邮政局
订　　阅:全国各地邮局(所)
邮政代号:58 — 132
电　　话:(0991)　3837994
地　　址:乌鲁木齐市北京南路
40号附8号
邮政编码:830011
定　　价:3.00元/册
国内同一刊号:CN65 — 1133/N

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى
خەيىۋي خەلقئارا گۇرۇھى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا
ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: «شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 132 ـ 58
تېلېفون نومۇرى: 3837994 (0991)
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى
40 ـ نومۇر (830011)
باھاسى: 3 يۈەن
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: